# شنجاڭ ههققده

# 90 سوئال

شنجاڭ خەلق نەشرياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ھەققىدە 90 سوئال

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىيەت - تەشۋىقات مەھكىمىسى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزدى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەخمۇت ئىنايەت
زەينەپ ھىمىت، قادىر سالى

عبد الرشيد

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

«شىنجاڭ ھەققىدە 90 سوئال»نى تۈزۈش تەھرىر ھەيئىتى :

مەسلىھەتچى : ئىسمايىل ئەھمەد
مۇدىر ھەيئەت : فېڭ داجېن

ھەيئەت ئەزالىرى :
فېڭ داجېن ، راخمان مەسئۇم ، يىن خەيشەن ، چىن گوشۇ ،
رېن يىنئۇڭ ، ۋۇ شىمىن ، چېن لېچى ، چېن داجۇن ، شىپ
خەيپىڭ ، چى ۋېنلى

ئاساسلىق قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر :
چى ۋېنلى ، چېن لېچى ، بى شىتىڭ ، زېڭ جېپىڭ ،
گۇەن جىشياڭ

# تۈزگۈچىدىن

بۇ كىتابچىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەر شىنجاڭ ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەن بەزى مەسىلىلەرگە تارىخىي ماتېرىيال ۋە پاكىتلار ئاساس قىلىنغان ھالدا، سوئال - جاۋاب شەكلىدە جاۋاب بېرىلدى.

بۇ كىتابچە سەككىز تەرەپ، 90 مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ تارىخى، شىنجاڭدىكى مىللەت ۋە ئاھالە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، دىنىي ئېتىقاد، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت، خەلق تۇرمۇشى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قاتارلىق مەزمۇنلار بار. بۇ كىتابچىنىڭ شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە شىنجاڭنى چۈشىنىشنى خالايدىغان كىشىلەرگە ياردىمى تېگىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ كىتابچىنى تۈزۈش جەريانىدا، شىنجاڭدىكى بەزى تارىخچىلار ۋە مەركىزىي كومىتېت، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ ھەمكارلىشىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق، ئۇلارغا كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمىز.

[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## تارىخقا نەزەر

1 . «شىنجاڭ» دېگەن ئۇقۇم نەدىن كەلگەن؟ .......... (1)
2 . شىنجاڭنى جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دېيىشكە قايسى تارىخىي پاكىتلار ئاساس بولالايدۇ؟ .......... (2)
3 . «تابغاچ خان» دېگەن سۆزنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى زادى نېمە؟ .......... (5)
4 . نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ؟ .......... (6)
5 . «يىپەك يولى» دەپ نېمىگە قارىتىلغان؟ ئۇنىڭ تارىخىي رولى قايسى؟ .......... (8)
6 . شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قانداق ئىش؟ .......... (10)

## مىللەت ۋە ئاھالە

7 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى قانداق؟ .......... (14)
8 . 40 نەچچە يىل مابەينىدە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى قانداق؟ .......... (16)
9 . نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلدۇ؟ .......... (19)
10 . شىنجاڭدا خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئاز سانلىق

مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزەمدۇ - يوق ؟ ......... (21)
11 . شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن ، قانداق سىياسەت - تەدبىرلەرنى قوللاندى ؟ ........................ (23)
12 . شىنجاڭدا نېمە ئۈچۈن ھەر يىلى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ ؟ .................. (26)
13 . نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قانداق ؟ ........................................ (28)
14 . شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم ، مىللەتلەر ئىتتىپاق دېيىلدۇيۇ ، يەنە نېمە ئۈچۈن توپىلاڭ ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ ؟ ...... (29)
15 . شىنجاڭنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى قانداق ؟ .............................. (31)
16 . شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانداق قائىدە - يوسۇن ، پەرھىزلىرى بار ؟ ...................... (32)

## مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

17 . 1949 - يىلدىن ئىلگىرىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتى قانداق ئىدى ؟ ........................ (37)
18 . شىنجاڭنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتى قانداق ئېلىپ بېرىلغان ؟ .............................. (37)
19 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاچان قۇرۇلغان ؟ ئاپتونوم رايون تەۋەلىكىدە يەنە قانداق ئاپتونومىيىلىك جايلار قۇرۇلدى ؟ .............................. (40)
20 . شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئاپتونوم رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن قانداق ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ؟ .................................... (42)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

21 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەرلىك خاراكتېر-لىك قايسى قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى؟ بۇ قانۇن - نىزاملار قانداق رول ئوينىماقتا؟ ........... (44)

22 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆتكەن ھەر نۆۋەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى كىملەر؟ ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا قايسى مىللەت پۇقراسىدىن بولغان؟ ........... (45)

23 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆتكەن ھەر نۆۋەت خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى قايسى مىللەت پۇقراسىدىن بولغان؟ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى مىللەت تەركىبى ئەھۋالى قانداق بولدى؟ ........... (46)

24 . شىنجاڭدا ھازىر قانچىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بار؟ ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)، رايون (شەھەرگە قاراشلىق رايون) ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىدىن قانچىلىك بار؟ ........... (48)

25 . شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلاردا رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ؟ ........... (49)

26 . ھەر مىللەت پۇقرالىرى ئوخشاش ئىشتا ئوخشاش ھەق ئېلىشقا ئېرىشەلەمدۇ - يوق؟ ئىشچى قوبۇل قىلىش جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىغا ئېتىبار بېرىلەمدۇ - يوق؟ ........... (50)

27 . شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ھۆرمەت قىلىنامدۇ - يوق؟ ........... (51)

28 . شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ئەھۋالى قانداق؟ ........... (53)

29 . شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ئەھۋالى قانداق؟ ........................ (57)

30 . شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندىمۇ - يوق؟ ................ (59)

## دىنىي ئېتىقاد

31 . شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىندىمۇ - يوق؟ ................ (61)

32 . شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى مەكتەپلەردە دىنىي دەرس تەسىس قىلىندىمۇ - يوق؟ ................................ (61)

33 . شىنجاڭدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ يېتەرلىك دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى بارمۇ - يوق؟ ................ (62)

34 . دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما خالىغانچە مەسچىت، بۇتخانا سېلىشقا بولامدۇ؟ ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ مەسچىت، بۇتخانا سالامدۇ - يوق؟ ................................ (62)

35 . شىنجاڭدىكى دىنىي زاتلار سىياسىي جەھەتتە، تۇرمۇش جەھەتتە قانداق تەمىناتلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ؟ ...... (64)

36 . شىنجاڭدىكى مەسچىت، بۇتخانىلارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەن؟ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟ ................................ (64)

37 . مۇسۇلمانلار سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج تاۋاب قىلىشقا بولامدۇ - يوق؟ ................................ (65)

38 . شىنجاڭدىكى دىنىي زاتلار قانداق يېتىشتۈرۈلىدۇ؟ ................................................ (65)

39 . دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي كىتابلار نە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەن تەمىنلىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىمۇ - يوق؟ .......... (66)
40 . شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى شۆيۈەنىدە دەرس ئۆتە-
ۋاتقان چەت ئەللىك خادىملار بارمۇ - يوق؟ چەت ئەللىك ئوقۇ-
غۇچىلار قوبۇل قىلىنىدىمۇ - يوق؟ .......................... (66)
41 . چەت ئەللىكلەر شىنجاڭغا كېلىپ مەسچىت، بۇتخا-
نىلارنى سېلىشقا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بەرسە ياكى دىن تار-
قاتسا بولامدۇ - يوق؟ .......................... (67)
42 . شىنجاڭدا قانداق داڭلىق مەسچىت، بۇتخانىلار
بار؟ بۇ مەسچىت، بۇتخانىلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى قانداق؟
.......................................... (68)

## ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش

43 . شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش
تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟ .......................... (71)
44 . شىنجاڭنىڭ قاتناش - ترانسپورتىنىڭ تەرەققىيات ئەھ-
ۋالى قانداق؟ .......................... (74)
45 . شىنجاڭنىڭ پوچتا - تېلېگراف، ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تە-
رەققىيات ئەھۋالى قانداق؟ .......................... (76)
46 . شىنجاڭنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى
قانداق؟ .......................... (78)
47 . ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ئەھۋالى قان-
داق؟ .......................... (79)
48 . شىنجاڭ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە قان-
داق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە؟ .......................... (82)
49 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىقتىسادىي قۇرۇ-

لۇش جەھەتتە قانداق ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئە-
گە ؟ ........................................ (84)

50 . دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قايسى
جەھەتلەردىن يار - يۆلەك بولدى ۋە ياردەم بەردى ؟ ........ (86)

51 . دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە ، كان بايلىقلىرىنى ئاچ-
قاندا ، شۇ جاينىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە
قانداق ئېتىبار بەردى ؟ ............................ (89)

52 . دۆلەت شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا نىسبەتەن قانداق تەسەۋۋۇرلاردا بولۇ-
ۋاتىدۇ ؟ قانداق مۇھىم قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى ؟
.................................................... (92)

53 . مۇشۇ ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسا-
دىي تەرەققىيات بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانى ۋە ئاسا-
سىي ۋەزىپىسى نېمە ؟ ...................................... (94)

54 . تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت ، تەبىئىي گاز بايلىقىنى
چارلاش - ئېچىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى مەنزىرىسى قان-
داق ؟ .................................................... (97)

55 . شىنجاڭنىڭ نېفىت ، تەبىئىي گاز بايلىقىنى چارلاش ۋە
ئېچىشنىڭ شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قانداق تەسىرى
بار ؟ .................................................... (99)

56 . شىنجاڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانى-
دا ، شۇ جاينىڭ بايلىقىنى قانداق قوغدايدۇ ۋە باشقۇرىدۇ ؟
.................................................... (102)

57 . شىنجاڭ بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپ
چىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە قانداق ئويلىشىۋاتى-
دۇ ؟ .................................................... (105)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

58 . شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەرەق-
قىياتى قانداق؟ ................................ (106)
59 . شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا
قانداق ئىلگىرىلەشلەر بولدى؟ ................................ (110)
60 . ئاسىيا ، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئىككىنچى كۆۋرۈكە-
نىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى بىلەن
ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشىدا قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟ ......... (113)
61 . شىنجاڭ بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئىچىدە توغرا لىنىيە-
لىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى قانات يايدۇ-
رۇش ئۈستىدە قانداق ئويلىشىۋاتىدۇ؟ ................................ (115)
62 . شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبا-
لى قانداق؟ ................................ (116)
63 . شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش تەرەپ-
لەردە قانداق چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى بۇنىڭدىن كېيىنكى
تەسەۋۋۇر قانداق؟ ................................ (119)
61 . چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ
سېلىپ كارخانا قۇرۇشىغا ئائىت قانداق ئېتىبار بېرىش سىياسە-
تى بار؟ رەسمىيەت قانداق بېجىرىلىدۇ؟ ................................ (121)
65 . دۆلەتنىڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ، شياڭگاڭلىق ، ئاۋ-
مېنلىق ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ مەبلەغ ئىئانە قىلىپ جاما-
ئەت پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئائىت قانداق بەل-
گىلىمىلەر بار؟ ................................ (126)
66 . دۆلەت مۇھاجىرلار يولىنى قوغداشتا قانداق بەلگىلە-
مىلەرنى چىقارغان؟ ................................ (127)
67 . جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ، شياڭگاڭلىق ، ئاۋمېنلىق ، تەي-
ۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ قىسقا مۇددەت تۇغقان

تى پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق بۆلگۈنچى ئۇن-
سۇرلار «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ،
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان،
ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇ-
غۇللاندى. مانا بۇ چاغدىكى «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسى را-
يون ئۇقۇمى بولماي، بەلكى جاھانگىرلىكنىڭ كېڭەيمىچىلىك، تاجا-
ۋۇزچىلىقى، بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قى-
لىشىدىكى ئالماش نامى ۋە باھانىسى بولۇپ قالدى. مەسىلەن،
1933 - يىلى سابىت داموللا چەت ئەل كېڭەيمىچىلىرىنىڭ قوترىتىشى
بىلەن شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇم-
ھۇرىيىتى» دېگەن ئويۇننى ئويناپ چىقىپ، «تۈركىستان» دېگەن بۇ
نامدىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك، پاراكەندىچىلىك ھەرىكەتلىرى
بىلەن شۇغۇللاندى. جاھانگىرلىكنى ئارقا تىرەك قىلىپ قۇرغان بۇ
ۋەرچاق ھاكىمىيەت ئاران ئۈچ ئايلا مەۋجۇت بولۇپ، ئاخىر ئۇزۇل-
كېسىل بەربات بولدى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى قال-
دۇقلىرى تامامەن تۈگەپ كەتكىنى يوق. شۇڭا ھېلىھەم ئىنتايىن ئاز
ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى تەرغىپ قىلىپ، ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى
پارچىلاشنى خام خىيال قىلماقتا. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق-
ى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە تامامەن
خىلاپ، جۈملىدىن دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ۋە قانۇنلىرىغا
خىلاپ. مەيلى بۇ قايسى نۇقتىدا تۇرۇپ ئېغىزغا ئېلىنسۇن، شىنجاڭ-
نى ھەرگىز «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ.

**5 . «يىپەك يولى» دەپ نېمىگە قارىتىلغان؟ ئۇنىڭ تارىخىي رولى قايسى؟**

**جاۋاب:** «يىپەك يولى» — قەدىمدە جۇڭگونىڭ چاڭئەن شەھ-

رىدىن باشلىنىپ، گەنسۇنىڭ غەربىدىكى ئېگىزلىك، خېشى كارىدورى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا، قەشقەر، خوتەن (كىرىيە) قاتارلىق جايلىرىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان قۇرۇقلۇق يولىدىن ئىبارەت. بۇ يول شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئۈچ تارماققا بۆلۈنىدۇ: بىرسى، كۇئىنلۇن تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالى ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، پاكىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بارغىلى بولىدىغان يول بولۇپ، بۇ يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ؛ بىرسى، تيانشاننىڭ جەنۇبىي باغرىنى بويلاپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ئىران ۋە پارس قولتۇقىغا بارغىلى بولىدىغان يول بولۇپ، بۇ يول ئوتتۇرا يول دەپ ئاتىلىدۇ؛ يەنە بىرى، تيانشاننىڭ شىمالىي باغرىنى بويلاپ ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى ھەر قايسى مەملىكەتلەرگە بارغىلى بولىدىغان يول بولۇپ، بۇ يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىنكى 1000 نەچچە يىل ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ يول ئىزچىل تۈردە راۋان بولۇپ ۋە گۈللىنىپ كەلگەن. چىقىرىلغان ماللار ئىچىدە، سانى ئەڭ كۆپ بولغىنى ئەينى چاغدا بىردىنبىر جۇڭگودىلا ئىشلەپ چىقىرىدىغان، غەربلىكلەر ئىنتايىن ئەتىۋارلايدىغان يىپەك بولغاچقا، قەدىمدە «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان.

يىپەك يولىنىڭ ئىچىلىشى تارىختا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي ۋە شىمالىي چېگرىلىرى بىلەن ئىچكى جايلاردىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي-ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملىدى ۋە كۈچەيتتى. يىپەك يولى ئارقىلىق ئۈزۈم، شاپتۇل، ئانار، بېدە، زىرە، دورا ماتېرىياللىرى، قارامۇچ، قاشتېشى، ئەينەك، ئارغىماق، شىر قاتارلىق مەھسۇلاتلار ھەمدە مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئاسترونومىيە،

كاپىتالىزمچىلىق ۋە خرىستىئان، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق مەدەنىيەت شىنجاڭدىن ئېلىپ بېرىلغان ياكى شىنجاڭ ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرگە تارقالغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى جايلارنىڭ يىپەكلىرى، سىرلىق قاچا - قۇچىلار، تۆمۈر ئەسۋابلار، مىلتىق دورىسى، ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملار، فارفور ئەسۋابلار، شاپتۇل، نەشپۈت قاتارلىق مەھسۇلاتلار ھەمدە قەغەزچىلىك، قۇيمىچىلىق، سۇ ئىنشائاتلىرى، مىلتىق دورىسىنى ياساش قاتارلىق تېخنىكىلار شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنىپ ھەمدە شىنجاڭ ئارقىلىق غەربكە تارقىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداقلا جۇڭگو، ئاسىيا، ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

6 . شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قانداق ئىش؟

جاۋاب: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1944 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ھەمدە باشقا جايلاردا پارتلىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تاتار، شىبە، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق ئون نەچچە مىللەت خەلقى قاتناشقان گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق قوزغىلاڭ.

ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ سىنىپي ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولدى. ئۇنىڭ بىۋاستە سەۋەبى، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى چارۋىچىلاردىن ئورۇنسىز ھالدا ھەربىي ئات ئېلىشنى باشلىغان. 1944 - يىل 3 - ئايدا گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا گومىنداڭ ئارمىيىسىگە 10 مىڭ ھەربىي ئات ئىئانە قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەنىدى. بۇيرۇقتا: چارۋىچىلارنىڭ ئېتى بارلىرى ئات تاپشۇرۇش، ئېتى يوقلىرى بازار با-

ھاسىدىن يېرىم ھەسسە يۇقىرى باھادا نەق پۇل تاپشۇرۇش، دېيىل-
گەن. بۇ بۇيرۇق چارۋىچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئالدى بىلەن
نىلقا ناھىيىسىدە ئات ئىئانە قىلىشقا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتـ
لىدى. قوزغىلاڭچىلار بارغانسىرى كۆپىيىپ، ئۈچ چوڭ پارتىزان ئەتـ
رىتىگە تەرەققىي قىلدى. 1944 - يىلى 10 - ئايدا پارتىزانلار ئەترىـ
تى نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىـ
نىڭ گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرىشىنىڭ مۇ-
قەددىمىسىنى ئاچتى. 1945 - يىلى 4 - ئايدا ھەر قايسى جايلاردىـ
كى پارتىزانلار ئەترەتلىرى بىر تۇتاش تەشكىللىنىپ، مىللىي ئارمىيە
بولۇپ قۇرۇلدى. 1945 - يىلى 9 - ئايدا مىللىي ئارمىيە ئىلى، تار-
باغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئىشغال قىلدى. 1945 - يىلى قىشـ
تا، جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىلدا ۋەكىللەر يىغىنى
ئۆتكۈزدى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى
رەسمىي جاكارلىدى. 1945 - يىلى 10 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنـ
قىلابى ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن
سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 1946 - يىلى 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە. ئىككى
تەرەپ رەسمىي 11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى» ۋە قوشۇمچە ئىككى
ھۆججەت ئىمزالاپ، 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىـ
لىك ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ، گومىنداڭ غەربىي شىمال
ئارمىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە رەئىسلىـ
كىدىكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى رەھبىرى ئەخمەتجان قا-
سىمى قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشـ
مە ھۆكۈمىتىنى قۇردى. 1947 - يىلى 8 - ئايدا، گومىنداڭ تىنچلىق
بىتىملىرىغا خىلاپلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بىرلەشمە
ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قا-
سىمى قاتارلىقلار ئۇرۇمچىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بازىسى — ئىـ

لىغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ماناس دەريا-
سىنى چېگرا قىلغان ھالدا ئۆزئارا تىركىشىشتەك ۋەزىيەت بارلىققا
كەلدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جۇڭگو خەلق سىياسىي
مەسلىھەت كېڭىشى بىرىنچى نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا ئې-
چىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسى-
مى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، گېنېرال ئىسھاقبېك قاتارلىقلار تەكلىپكە
بىنائەن يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقان سەپىرىدە
بەختكە قارشى ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچرىدى، سەيپىدىن ئەزىزى
قاتارلىق ئۈچ كىشى ۋەكىل بولۇپ بۇ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە يىغىندا
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغ-
داش ۋە ئازادلىققا تەشنا ئارزۇسىنى بىلدۈردى. 9 - ئاينىڭ 25 -
كۈنى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى تاۋسى-
يۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى، ئەتىسى گومىنداڭ شىنجاڭ
ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدىمۇ تېلېگرامما
يوللاپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن، شىن-
جاڭ تىنچ ئازاد بولدى. 10 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيە-
سى بۇيرۇققا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كىرىشكە
باشلىدى. 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق
قىسىملىرى — مىللىي ئارمىيە ئۇرۇمچىگە يېتىپ كېلىپ، خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشتى ھەمدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى
5 - جۇنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. 12 - ئاينىڭ 17 - كۈ-
نى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت، ھەر قايسى قاتلام ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە زاتلار-
دىن تەشكىل تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى
جاكارلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۆزىنىڭ شەرەپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىك تارىخى ۋەزىيىتىنى ئورۇنداپ بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئىستىبدات تۈزۈمىگە زەربە بېرىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ، بولۇپمۇ غەربىي شىمالنىڭ ئازادلىق ئورۇشىغا كۈچلۈك ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا تۆھپە قوشتى. ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى ۋە سەپداشلىرىغا يازغان خېتىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا «جۇڭگو خەلق دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ باھا بەرگەن.

## مىللەت ۋە ئاھالە

7 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ، مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى قانداق ؟

**جاۋاب :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ، تارىختىن بۇيان ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن مىللەتلەردىن ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، قازاق ، خۇيزۇ ، موڭغۇل ، قىرغىز ، تاجىك ، شىبە ، مانجۇ ، ئۆزبېك ، رۇس ، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بار ، بۇنىڭدىن باشقا ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ، خادىملارنىڭ يۆتكىلىشى تۈپەيلىدىن ھازىر شىنجاڭدىكى 15 مىليون ئاھالە 47 مىللەتتىن تەركىب تاپقان .

**ئۇيغۇرلار :** شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست ،شەھەر ، ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئولتۇراقلاشقان .

**خەنزۇلار :** شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان .

**قازاقلار :** ئاساسەن ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ، بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ، ئۈرۈمچى شەھىرى ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان .

**خۇيزۇلار :** ئاساسەن ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ، ئۈرۈمچى ، غۇلجا ، قورغاس ، قۇمۇل ، تۇرپان ، پىچان ، توقسۇن قاتارلىق شەھەر ، ناھىيىلەردە ئولتۇراقلاشقان .

**موڭغۇللار :** ئاساسەن ، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

www.uyghurkitap.com

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان. يەنە ئايرىملىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ موڭغۇلكۈرە، تېكەس، نىلقا، شىخو، دۆربىلجىن، ئالتاي، بورچىن قاتارلىق ناھىيىلىرىدە، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ جىمسار، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىمۇ بىر قىسىم موڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان.

**قىرغىزلار:** ئاساسەن، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا، يەنە بىر قىسمى ئۈچ تۇرپان، ئاقسۇ كونىشەھەر، گۇما، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تېكەس، دۆربىلجىن قاتارلىق ناھىيىلىرىدە ئولتۇراقلاشقان.

**تاجىكلار:** ئاساسەن، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، ئاقتۇ، پوسكام، يەكەن، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق ناھىيىلەردە ئولتۇراقلاشقان.

**شىبەلەر:** ئاساسەن، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى، قورغاس، توققۇزتارا، چۆچەك، نىلقا قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردە ئولتۇراقلاشقان.

**مانجۇلار:** ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردا ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان.

**ئۆزبېكلەر:** ئاساسەن، غۇلجا، قەشقەر، سانجى، ئۈرۈمچى، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق شەھەر، ناھىيىلەردە ئولتۇراقلاشقان.

**رۇسلار:** چۆچەك، ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان. جۈملىدىن تارباغاتاي ۋىلايىتىدە بىر قەدەر كۆپ.

داغورلار: ئاساسەن، چۆچەك شەھىرىنىڭ ئاشلى قاتارلىق يېزا - مەھەللىلىرىدە ئولتۇراقلاشقان. قورغاس، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق شەھەر، ناھىيىلەردىمۇ بار.

تاتارلار: ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالتاي، سانجى، چۆچەك، غۇلجا ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەر، ناھىيىلەردە ئولتۇراقلاشقان.

**8. 40 نەچچە يىل مابەينىدە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى قانداق؟**

**جاۋاب:** 1949 - يىلى ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 4 مىليون 10 مىڭ ئىكەن. 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە 4 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك ئاھالىلەرنى تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى 9 مىليون 460 مىڭ بولۇپ، 1949 - يىلىدىكىدىن 1.31 ھەسسە كۆپەيگەن. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شۇ مەزگىلدە كۆپەيگەن ئاھالىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1.09 ھەسسە ئېشىپ، 0.25 ھەسسە كۆپەيگەن. 1990 - يىلنى 1982 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 12.45 بولسا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 21.36 بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىدىن %8.91 كۆپەيگەن. يەنە شىنجاڭدىكى ئون نەچچە ئاساسلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالە ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان. مەسىلەن:

ئۇيغۇرلار، 1990 - يىلى 7 مىليون 190 مىڭدىن كۆپ بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 3 مىليون 290 مىڭدىن 1.19 ھەسسە ئاشقان، 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىي 20.93 بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتىدىن %8.48

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارتۇق بولغان.

قازاقلار، 1990 - يىلى 1 مىليون 100 مىڭدىن كۆپ بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 443 مىڭدىن 1.49 ھەسسە ئاشقان. 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 22.54% بولغان.

خۇيزۇلار، 1990 - يىلى 681 مىڭ 500 بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 122 مىڭدىن 4.56 ھەسسە ئاشقان. 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 19.4% بولغان.

قىرغىزلار، 1990 - يىلى 139 مىڭ بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 66 مىڭدىن 1.11 ھەسسە ئاشقان، 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە كۆپىيىش نىسبىتى 23.73% بولغان.

موڭغۇللار، 1990 - يىلى 137 مىڭ بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 7752 مىڭدىن 1.62 ھەسسە ئاشقان. 1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 17.27% بولغان.

شىبەلەر، 1990 - يىلى 33 مىڭ بولۇپ، 1949 يىلدىكى 11 مىڭ 700 دىن 1.83 ھەسسە ئاشقان. 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 20.9% بولغان.

تاجىكلار، 1990 - يىلى 33 مىڭ بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 13 مىڭدىن 1.48 ھەسسە ئاشقان. 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 26.54% بولغان.

مانجۇلار، 1990 - يىلى 18 مىڭ بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 1000 دىن 17.4 ھەسسە ئاشقان. 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 101.4% بولغان.

ئۆزبېكلەر، 1990 - يىلى 14 مىڭ بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 12 مىڭدىن 0.2 ھەسسە ئاشقان. 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 16.27% بولغان.

رۇسلار، 1990 - يىلى 8 مىڭ بولۇپ، 1990 يىلدىكى 19 مىڭ-

دىن يېرىمىدىن كۆپرەك كېمەيگەن. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەب بىر قىسىم ئاھالە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە ئاۋسترالىيىگە كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن بولغان. ئەمما يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى رۇسلاردىن ئۆز دۆلىتىگە قايتقان مۇھاجىرلار يەنە كۆپەيدى. شۇڭا 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 203.61% بولغان.

داغۇرلار، 1990 - يىلى 5 مىڭ بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 1 مىڭ 800 دىن 2 ھەسسە ئاشقان. 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 23.52% بولغان.

تاتارلار، 1990 - يىلى 4 مىڭ 800 بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 5 مىڭ 900 دىن بىرئاز كېمەيگەن. 1992 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 17.41% بولغان.

يۇقىرىقى تۆپ سانلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي ئېشىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ھەمدە بىر قەدەر مۇقىم ھالەتتە ئاشقان. بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ كۆپىنچىسى 20% ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى: ئىجتىمائىي تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىدىن بولغان. بۇنى نورمال ئېشىش دېيىشكە بولىدۇ.

بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى بىر قەدەر تېز بولغان. مەسىلەن، خۇيزۇلار 1949 - يىلى 120 مىڭ بولۇپ، 1990 - يىلغا كەلگەندە 680 مىڭغا يېتىپ، 4.56 ھەسسە ئاشقان. بۇ ئاساسەن، شىنجاڭنى ئېچىش قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، ئىچكى جايلاردىكى بىر قىسىم خۇيزۇلارنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈپ كەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەنلىكىدىن بولغان.

بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىر قەدەر كۆپ بولدى. مەسىلەن، رۇسلارنىڭ نوپۇسى 1949 - يىلدىكى 19 مىڭدىن 1982 - يىلىغا كەلگەندە 2 مىڭ 700 گە كېمەيگەن. كېيىن يەنە كۆپىيىپ 1990 - يىلى 8 مىڭ 100 گە يەتكەن. بۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كېمىيىشىنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق بولغان: بىر قىسىم رۇسلار تۇغقانلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇش ئۈچۈن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئاۋستىرالىيىگە ۋە كاناداغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۆزبېكلەر، تاتارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ كېمىيىشىنىڭ سەۋەبلىرىمۇ يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. 1982 - يىلدىن كېيىن، رۇسلار نوپۇسىنىڭ زور ھەجىمدە كۆپىيىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرى رۇس مۇھاجىرلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشى كۆپەيدى، ئىككىنچىسى، 1978 - يىلدىن كېيىن، ئىلگىرى باشقا مىللەت تەركىبى بويىچە جەدۋەل توشقۇزغان رۇسلار مىللەت تەركىبىنى يەنە رۇس قىلىپ ئۆزگەرتكەن. مانجۇلار نوپۇسىنىڭ زور كۆلەمدە كۆپىيىشىمۇ ئاخىرقى ئەھۋالغا ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن بولغان.

**9. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلىدۇ؟**

**جاۋاب:** جۇڭگو نوپۇسى كۆپ تەرەققىي قىلالمىغان بىر دۆلەت، 1 مىليارد 100 مىليوندىن كۆپ ئاھالىگە ئىگە. پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش، نوپۇسنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەش، نوپۇسنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جۇڭگونىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تۈپ دۆلەت سىياسىتىدۇر. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر مەمۇرىي رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۆلەتنىڭ بۇ تۈپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشى لازىم. ئەمما شىنجاڭدا پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى يولغا قويۇش 1975 - يىلى ئالدى بىلەن شەھەر نوپۇسىدىكى خەن-

زۇلار ئارىسىدا يولغا قويۇلۇپ، 1980 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن يې-
زا - قىشلاق، بازارلاردىكى خەنزۇلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك يولغا
قويۇلدى.

1982 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى
1964 - يىلدىكى 4 مىليون 990 مىڭدىن 7 مىليون 790 مىڭغا كۆپە-
يىپ، 56% يۇقىرى ئاشقان. بۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، نو-
پۇسنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ساغلام تۇغۇپ ئوبدان تەربىيە-
لەش، ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ تېزلىكتە ئورتاق بېيىش ئىمكانىيە-
تىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇ-
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلان-
لىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش» توغرىسىدا قارار چىقاردى. شۇنىڭدىن
باشلاپ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش
توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى ۋە تەشەببۇس قىلىندى. 1988-
يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا
قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»نى ئېلان قىلدى ھەمدە 1989 -
يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدا يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.
بۇ بەلگىلىمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: بىر جۈپ ئەر - خوتۇن-
نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىككى پەرزەنت كۆرۈشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ، شە-
ھەرلەردە بەلگىلەنگەن شەرتلەر بويىچە تەستىقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ
پەرزەنت كۆرۈش رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ يېزا - قىشلاقلاردا ئومۇمىيۈزلۈك
ھالدا ئۈچ پەرزەنت كۆرۈش رۇخسەت قىلىنىدۇ. بەلگىلەنگەن شەرت-
لەرگە ئۇيغۇن بولغانلىرىغا تەستىقتىن ئۆتكۈزۈپ تۆت پەرزەنت كۆ-
رۈش رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۇ سىياسەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەر-
زەنت كۆرۈشكە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش بەلگىلەنگەن، شىنجاڭنىڭ ئە-
مەلىي ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقتىن، شىنجاڭدىكى ھەر

ملله‌ت خه‌لقىنىڭ هىمايىسىگه ۋه ئىزچىل ئىجرا قىلىشىغا سازاۋه‌ر بولدى.

ھازىر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق ملله‌تله‌ر ئارىسىدا پىلانلىق په‌رزه‌نت كۆرۈش نىسبىتى 77.15 پىرسه‌نتكه يه‌تتى. په‌رزه‌نت كۆرۈش نىسبىتى ئىلگىرىكى بىرقانچه يىلدىن بۇرۇنقى 25 پىرسه‌نتتىن 1990 - يىلدىكى 22.94% كىمه‌يدى. ته‌بئىي كۆپىيىش نىسبىتمۇ ئالدىنقى بىرقانچه يىلدىكى 18 پىرسه‌نتتىن يۇقىرى بولۇپ، 1990 - يىلىغا كه‌لگه‌نده 16.48% تۆۋه‌نلىدى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق ملله‌تله‌رنىڭ په‌رزه‌نت كۆرۈش كۆز قارىشىدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇۋاتىدۇ. نوپۇس پىلانلىق ئىشىشقا قاراپ يۈزله‌نمه‌كته.

**10. شىنجاڭدا خه‌نزۇلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئاز سانلىق ملله‌تله‌رنىڭ مه‌نپه‌ئه‌تىگه زىيان يه‌تكۈزه‌مدۇ - يوق؟**

جاۋاب: جۇڭخۇا خه‌لق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كىيىن، شىنجاڭدىكى خه‌نزۇلارنىڭ نوپۇسى ھه‌قىقه‌ته‌ن ئىنتايىن كۆپ ساندا ئىشىپ باردى. مه‌سىله‌ن، 50 -، 60 - يىللاردا بىر قه‌ده‌ر كۆپه‌يدى. شىنجاڭنىڭ يىرى كه‌ڭ، يه‌ر ئاستى بايلىقى مول بولۇپ، ئۇ ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان زىمىن، ئه‌مما ئىختىساس ئىگىلىرى يىتىشمه‌يدۇ؛ شىنجاڭ چىگرا جاي، ئۇنىڭ چىگرا لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇپ، 5 مىڭ كىلومىتىردىن ئاشىدۇ. شىنجاڭدىكى ھه‌ر ملله‌ت خه‌لقى چىگرا رايونىنىڭ مۇسته‌ھكه‌ملىنىشى ۋه گۈللىنىشى ئۈچۈن غايه‌ت زور تۆھپىله‌رنى قوشتى. يىڭى تارىخي شارائىتتا، چىگرا رايوننى يه‌نىمۇ قوغداش ۋه گۈلله‌ندۈرۈشكه توغرا كىلىدۇ. شۇڭا 50 - يىللاردا جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا يۆرۈش قىلغان قىسىملار، گومىنداڭنىڭ سابىق يه‌رلىك ھه‌قىقه‌تكه قايتقان قىسىملىرى، جۈملىدىن بىر قىسىم مىللىي ئارمىينىڭ كوماندىر - جه‌ڭچىلىرىنى كوللىكتىپ ھالدا كه‌سىپ ئالماشتۇرۇپ، ئىشله‌پچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇه‌نى قىلىپ قۇرۇپ، چىگرىدا ئه‌س-

كەر تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى قارار قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىچكى جايلاردىن بىر تۈركۈم كا-
دىرلارنى ئاجرىتىپ يۆتكەپ كەلدى. زور بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى
شىنجاڭغا كېلىپ چېگرا رايوننىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىشقا سەپەر-
ۋەر قىلدى. مانا بۇلار شىنجاڭدا خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ بىر قەدەر
كۆپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىچكى جايلاردىن شىنجاڭغا
كەلگەن بۇ خەنزۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنى-
يەت سەۋىيىسىگە ۋە مەلۇم تېخنىكا ماھارىتىگە ئىگە خادىملار. ئۇلار
دۆلەتنىڭ چېگرا رايوننى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش چاقىرىقىغا ئاۋاز
قوشۇپ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى
بىلەن بىرلىكتە، قەلبداش، تەقدىرداش بولۇپ، چوڭقۇر قېرىن-
داشلارچە دوستلۇق ئورناتتى. چېگرىنى بىرلىكتە قوغداش ۋە گۈل-
لەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئەمەلىيەت ئىچكى
جايلاردىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ تېخنىكا ئەۋزەللىكىنى شىن-
جاڭنىڭ بايلىق مەنبەسى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى بىلەن زىچ بىرلەش-
تۈرگەندە، بار - يوقنى ئۆزئارا تولۇقلاپ، دۆلەتنىڭ، جۈملىدىن
شىنجاڭنىڭ يەرلىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنىڭ زۆ-
رۈر شەرتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى
ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولىدۇر. بۇ، گەرچە شىنجاڭدىكى خەن-
زۇلارنىڭ نوپۇسىنى كۆپەيتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە قىلچە زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

ھازىر شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى مۇقىم كۆپىيىش باس-
قۇچىدا تۇرماقتا. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1949 - يىلى شىنجاڭدى-
كى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 290 مىڭ ئىكەن. 1953 - يىلى، 1964 - يى-
لى، 1982 - يىلى، 1990 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەملىكەت بويىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاھالىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 330 مىڭ، 2 مىليون 440 مىڭ، 5 مىليون 280 مىڭ ۋە 5 مىليون 690 مىڭ بولۇپ چىققان. 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان سەككىز يىل داۋامىدا، شىنجاڭدىكى خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 7.74% بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىدىن ئىنتايىن تۆۋەن بولماقتا، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە شۇ مەزگىلدىكى نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كۆپىيىش سۈرئىتىدىن تۆۋەن بولماقتا.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى خەنزۇلار بىلەن باشقا قېرىنداش مىللەتلەردىن شىنجاڭغا ئېقىپ كەلگەنلەرنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر كۆپەيسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاساسەن سودا - تىجارەت بىلەن ۋە باشقا ئەمگەك كۈچى بولۇپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللانغاچقا، مەۋسۇم، پەسىل خاراكتېرلىك بولۇپ، «قۇشلار قوشۇنى»غا ئوخشاش ھالەتنى شەكىللەندۈرمەكتە، بۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىچكى جايلارغا بېرىپ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇ خىل نوپۇسنىڭ ئۆزئارا قوش لىنىيە بويىچە ئالمىشىپ تۇرۇشى ئىچكى جايلار بىلەن چېگرا رايونلارنىڭ بازارلىرىنى گۈللەندۈرۈپلا قالماستىن، كىشىلەرنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى.

**11. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن، قانداق سىياسەت - تەدبىرلەرنى قوللاندى؟**

**جاۋاب:** دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، مىللەتلەر مەسىلىسى ئىنتايىن ئومۇمىيلىققا ئىگە مەسىلە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىر قەدەر مۇرەك-

كەپ ۋە ئىنتايىن سەزگۈر مەسىلىلەرنىڭ بىرى. جۇڭگونىڭ ئەھۋال-
دىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بىر يۈرۈش مىللىي
سىياسەتنى تۈزۈپ ئىجرا قىلىنغاچقا، مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلى-
نىشى ياخشى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش
مىللەتلەر مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-
تا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلى،
مەدەنىيەت ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق جەھەتلەردىكى
ئەزەلدىنلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۆز پەرقلىرىنى ساقلاپ
كەلگەچكە، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقى يە-
نىلا مەۋجۇت. شۇڭا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنىلا مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرماقتا. جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى ئاستىدا،
مىللەتلەر مەسىلىسى ئاللىقاچان، ئاساسەن خەلق ئىچىدىكى زىددى-
يەتكە مەنسۇپ بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مە-
سىلىسى ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىقتىسا-
دىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قى-
لىشتا ئىپادىلەنمەكتە. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلا-
ھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، شىن-
جاڭنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كىشىلەر كۆز تىككۈدەك
دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. خەلق تۇرمۇشى كۆزگە كۆرۈ-
نەرلىك ئۆستى. تىك لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرغاندا، ئاسمان، زېمىن
پەرق بولدى، دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما توغرا لىنىيە بويىچە سېلىشتۇر-
غاندا، شىنجاڭ يەنىلا گۈللەندۈرۈش باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئىقتى-
سادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەرەققىي تاپقان دېڭىز ياقىسىدى-
كى جايلار، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرق يەنىلا خې-
لى چوڭ تۇرماقتا. شۇڭا ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىيا-
تىنى تېزلىتىش، ئىچكى جايلار بىلەن بولغان پەرقنى تارايتىش، ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىللەت خەلقنى ئورتاق بېيىتىش شىنجاڭدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى بولۇپ تۇرماقتا.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، دۆلەتنىڭ مىللەتلەر سىياستى-نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇ ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

— مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتى كۈ-چەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى قاتارىدا تۇتۇش ھەمدە بوشاشتۇرۇپ قويماي، دائىم چىڭ تۇتۇش تەلەپ قىلىندى.

— مىللەتلەر باپباراۋەرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. ئاپتو-نوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تۈرلۈك خىزمەتلەر بى-لەن شۇغۇللانغان، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تۈزگەندە، مىللەتلەر ئالاھىدىلىكى ۋە رايونلار ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ئېتىبار بېرىپ، مىل-لەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن سىياسىي مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى. مىللەتلەر باپبارا-ۋەرلىكى، ئىزچىل ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش تەشەببۇس قىلىندى.

— ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىقتىسا-دىي تەرەققىياتقا ياخشى ئىجتىمائىي شەرت - شارائىت يارىتىش ئۈ-چۈن، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، بارلىق بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىندى.

— مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە

ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. زور بىر تۈركۈم ئەخلاقلىق ھەم ئىختىساسلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى تەربىيىلەندى ۋە ئىشقا قويۇلدى.

— ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالغا بېسىشى زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

— مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە يۈز بەرگەن تۈرلۈك يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۆز ۋاقتىدا توغرا بىر تەرەپ قىلىندى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئاكتىپ يېتەكلەش، ئاممىغا كۆپرەك خىزمەت ئىشلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىندى. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق زىددىيەت تۈگىتىلىپ، ئىتتىپاقلىق كۈچەيتىلدى.

**12. شىنجاڭدا نېمە ئۈچۈن ھەر يىلى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ؟**

جاۋاب: شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنىڭ مۇھىم شەرتى، جۈملىدىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تەلىپىدۇر. شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە دائىم تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش ھەر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. 1978 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يۈز بەرگەن مىللەتلەر مەسىلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىدىكى «سول» چىللىق خاتالىقنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ، مالىمان-
چىلىقنى ئوڭشاپ، ناھەق، خاتا، ئۇۋال قىلىنغان، يالغان دېلولار-
نى ئاقلاپ ۋە تۈزىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت تەلىم - تەربىيە
خىزمىتى قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ئاپ-
تونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈنسايىن كۈچەيتتى ھەمدە ئاپتونوم رايونى-
مىز مىقياسىدا ھەر قايسى كەسىپ، ھەر قايسى ساھەلەردىن زور بىر
تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە ياراتقان
ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مۇنەۋۋەر شەخسلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مىل-
لەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىياتقا
ئىگە قىلىش ئۈچۈن، 1982 - يىلى 11 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتى مەملىكەت مىقياسىدا ھەممىدىن بۇرۇن ئاپتونوم رايو-
نىمىز بويىچە تۇنجى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە داغدۇغى-
لىق تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى ھەمدە 183 مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بو-
يىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 322 نەپەر ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى ۋە
مۇكاپاتلىدى. بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا قارىتا گوۋۇيۈەن يۈكسەك باھا
بېرىپ ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇنى باراۋەر، ئىتتىپاق، ھەم-
كارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدى-
كى «ئىنتايىن ياخشى ئىجادىيەت» دەپ قارىدى. شىنجاڭنىڭ ھەر يە-
رىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەربىيە ئېيى پائالىيىتى ئېلىپ بېرى-
شى دەل مۇشۇ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يى-
غىنىنىڭ تەشەببۇسى ئاستىدا قانات يايدۇرۇلدى.
1983 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلىنىڭ 5 - ئېيىدا، ئاپتونوم رايو-
نىمىز بويىچە بىر قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەربىيە پائالىيىتى
قانات يايدۇرۇلۇپ كەلمەكتە. ھازىر بۇ بىر تۈزۈمگە ئايلىنىپ قال-
دى. 1991 - يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 49 ناھىيە

(شەھەر) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار دېگەن نامغا ئېرى-
شىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋە ئۇلار تۇرۇشلۇق ۋىلايەت.
ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 323 ئىلغار كول-
لېكتىپ ۋە 593 نەپەر مۇنەۋۋەر شەخس ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆ-
كۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، 111 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 111 نە-
پەر مۇنەۋۋەر شەخس دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن
تەقدىرلەندى. 27 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 67 نەپەر مۇنەۋۋەر شەخس
گوۋۇيۈەنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇش —
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتىكى
ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر خىل ياخشى شەكىل، سوتسىيالىستىك مىل-
لەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەيدىغان ۋە راۋاج تاپقۇزىدىغان يې-
ڭى تەجرىبە دەل مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، جۇڭگودىكى باشقا
ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرمۇ ئارقا-
ئارقىدىن شىنجاڭنىڭ بۇ ئۇسۇلىدىن ئۆگىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
بويىچە تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى-
نى مۇستەھكەملىمەكتە ۋە راۋاجلاندۇرماقتا.

**13. نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قانداق؟**

**جاۋاب:** مىللىي كەمسىتىش، مىللىي زۇلۇم، مىللىي ئېكسپىلاتات-
سىيە تۈزۈمى ئاستىدا، بىر مىللەتنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپى ئۆز
سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قا-
تارلىق جەھەتلەردە باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەيدۇ، كەم-
سىتىدۇ، تالان - تاراج قىلىدۇ، ئۇلارنى خانىۋەيران قىلىدۇ.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا پۈت-
تۈن مەملىكەتكە ئوخشاش دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە
سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئەزگۈچى سىنىپلار يوقىتىلدى. مانا بۇ مىللىي كەمسىتىشنى، مىللىي زۇلۇمنىڭ يىلتىزىنى تۈپ يىگىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، مەيلى مىللەتلەرنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى، تەرەققىيات دەرىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە بىردەك باپباراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھازىر مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇم ئاللىقاچان مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ كەلمەكتە.

ئەمما مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئارازلىقنى تارىخ كەلتۈرۈپ چىقارغان بولغاچقا، بۇنى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەل - تۆكۈس تۈگىتىپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا بەزى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا يەنىلا چوڭ مىللەتچىلىكنىڭ ۋە يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ ساقىندىلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە ھەمدە مەلۇم شەرت - شارائىت ئاستىدا مىللىي كەمسىتىشكە ياتىدىغان ئايرىم ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلار ۋە ئاممىنى تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ھەم چوڭ مىللەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە تۈگىتىشكە، ھەم يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچنى ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتتى.

**14. شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق دېيىلىدۇيۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن توپىلاڭ ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ؟**

**جاۋاب:** جۇڭگودا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئوخشاش جەمئىيەت قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت

تىنچ، ۋەزىيەت مۇقىم بولدى، ئىگىلىك راۋاجلاندى. بۇ ئومۇمىي جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەت. 1989-يىلى ۋە 1990-يىللىرى شىنجاڭدا ئىككى قېتىم پاراكەندىچىلىك ۋە توپىلاڭ يۈز بەردى. بۇمۇ پاكىت. 1989-يىلى 5-ئاينىڭ 19-كۈنى ئاز ساندىكى بۇزۇقلار «جىنسىي ئۆرپ-ئادەت» دېگەن كىتابتىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرىغا بېسىپ كىرىش، ئۇرۇش، چېقىش، پاراكەندىچىلىك كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئەمەلىيەتتە نەشر قىلىنغان «جىنسىي ئۆرپ-ئادەت» دېگەن كىتاب ئىسلام دىنىنىڭ مەزمۇنىغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان، دۆلەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە، دىنىي سىياسىتىگە خىلاپ كېلىدىغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلارغا زىت. بۇ كىتاب دۆلەت ئاخبارات-نەشرىيات مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئاللىقاچان قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنغانىدى. ھەم مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەنىدى: «جىنسىي ئۆرپ-ئادەت» دېگەن كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئىسلام دىنىغا قوپاللىق بىلەن ھاقارەت كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان-زەخمەت يەتكۈزدى ۋە ئالاقىدار قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلدى، دېيىلگەن ھەمدە بۇ كىتاب سېتىلىشتىن دەرھال توختىتىلىپ، چىققان كىتابلار ۋە ھەرپ قەغەز نۇسخىلىرىنى، يۇمشاق پىلىونكىلارنى كۆيدۈرۈۋېتىش قارار قىلىندى. بۇنىڭغا ئالاقىدار نەشرىيات ئىش توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش، نەشر قىلغان ۋە تارقاتقان ئورۇنلارغا ئىقتىسادىي جەرىمانە قويۇش بۇيرۇلدى. بۇ كىتابقا جاۋابكار بولغۇچى خىزمەتتىن توختىتىلىپ تەكشۈرۈش لازىملىقى، ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ قانۇن ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى بۇيرۇق قىلىندى. بۇ ئەسلىدە ھەل قىلىنىپ بولغان مەسىلە ئىدى. لېكىن «جىنسىي ئۆرپ-ئادەت» دېگەن كىتاب شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنمىگەن ئەھۋالدا، بەزىلەر بۇ كىتابنى باھانە قىلىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىغان بەزى ئاممىنى «نارازىلىق» نامايىشى قىلىشقا قۇترىتىپ، قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەزى بۇزۇقلار پۇرسەتتىن پايـدىلىنىپ بۇ پاراكەندىچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**15. شىنجاڭنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى قانداق؟**

جاۋاب: 1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شىنجاڭنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن توپىلاڭ ھەم مىللەتلەر مەـسىلىسى تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئەمەس، ھەم دىنىي مەسىلە تۈپەيلـدىن يۈز بەرگەن ئەمەس. بەلكى ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار دىنىي تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ قوزغىغان ھۆكۈمەتكە قارشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان پىلانلىق، تەشكىللىك، سۇيـقەستلىك توپىلاڭ ۋەقەسى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تاڭ سەھەردە، زەيدىن يۈسۈپ باشچىلـقىدىكى بىرنەچچە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار نەچچە يۈزلىگەن ئامـمىنى قايمۇقتۇرۇپ ۋە زورلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىغا بېرىپ ناماز ئۆتەيدۇ، ئارقىدىنلا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، قانـداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرىمىز» دەپ جار سالىدۇ، ئوبلاست، ناھىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى نەق مەيدانغا كېلىپ نەسىھەت قىلغاندا، بىر توپ توپىلاڭچىلار نەسىھەتكە قۇلاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئامانـلىق ساقلاش خادىملىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى ئۇردى. قوراللىق ساقچىلارنى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر، ساقچىلىرىـنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى، ئۆلتۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ قورال - ياراقـلىرىنى بۇلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىغا تاش ئېتىپ، پارتلىتىش بومبىسى ۋە ئۆزلىرى ياسىۋالغان قول بومبىسى ئاتتى. شۇنداقلا بۇلىۋالغان قورال - ياراقلار بىلەن قوراللىق ساقـ

چى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرىگە ئوق چىقىرىپ 13 نەپەر قورال‌لىق
ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىسى، تۆت ماشىنا سوبۇرسى ۋە نە-
نە بىر نەپەر ئۇيغۇر كادىرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە يارىلاندۇردى.
مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، قورال‌لىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ئاس-
مانغا ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ تو-
پىلاڭچىلار ھەددىدىن ئېشىپ غالجىرلىق بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ھوي-
لىسىغا يەنە بومبا تاشلاپ ئوق چىقاردى. ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇ-
رۇش ئۈنۈم بەرمىگەن، چىداپ تۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا،
قورال‌لىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر -
ساقچىلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن قايتۇرما
زەربە بېرىشكە باشلاپ، 15 نەپەر توپىلاڭچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى.
130 نەچچە نەپەر جىنايەتچىنى تۇتۇۋالدى، بۇنىڭ بىلەن توپىلاڭ
بېسىقتى. مانا بۇ بارىن يېزىسىدىكى توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي
ئەھۋالى.

**16. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانداق قائىدە - يو-
سۇن، پەرھىزلىرى بار؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس قائىدە - يوسۇن ۋە پەرھىزلىرى بار. قا-
ئىدە يوسۇن جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرى ئۆزئارا كۆرۈشكەندە،
ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىلىپ سالاملىشىدۇ، بىر - بىرىگە
«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» ۋە «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالام -
سائەت قىلىشىدۇ. مۇبادا ئەزىز مېھمانلارغا ئۇچراپ قالسا ياكى مۆ-
تىۋەرلەرگە يولۇقسا، ئىككى قولىنى قايچىلاشتۇرۇپ كۆكسىگە ئې-
لىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، مۆتىۋەرلەرگە بولغان ھۆرمىتىنى ۋە ئىز-
زەت - ئىكرامىنى بىلدۈرىدۇ. ئاياللار كۆرۈشكەندە، ئۆزئارا قۇچاق-
لىشىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقىدۇ ھەمدە بىر - بىرىدىن «ئەسسالام»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپ ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ، ھازىر ياشلار ئۆزئارا كۆرۈشكەندە، ھازىرقى زامان ئادىتى بويىچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ سالاملىشىدۇ ھەمدە «قانداق ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ» دەپ ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ.

قازاق ئەرلەر كۆرۈشكەندە ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ئارا ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ، بىر - بىرىگە بولغان ھۆرمىتىنى ۋە قىزغىنلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ ھەم «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر - بىرىنىڭ ئائىلە، بالا - چاقىلىرىغا ئامان - ئېسەنلىك ۋە بەخت تىلىشىدۇ. كىچىكلەر چوڭلار بىلەن ئۇچراشقاندا، كىچىكلەر ئالدى بىلەن چوڭلارغا سالام بېرىدۇ. ئاياللار ئۆزئارا كۆرۈشكەندە، ئادەتتە باش ئېگىپ ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ. مۇبادا ئىككىيلەن خېلىغىچە كۆرۈشمىگەن بولۇپ، ناۋادا كۆرۈشۈپ قالسا، قۇچاقلىشىپ قىزغىنلىق بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ ۋە سېغىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تاجىكلاردا كىچىكلەر چوڭلار بىلەن ئۇچراشقاندا، كىچىكلەر ئالدى بىلەن چوڭلاردىن ئامان - ئېسەنلىك سورىشىدۇ. ئاياللار بىلەن ئەر مۇتىۋەرلەر ئۇچراشقاندا، مۇتىۋەر سول قول ئالىقىنىنى چىقىرىدۇ، ئايال ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن مۇتىۋەرنىڭ قولىنىڭ ئۈچىنى ئىنتايىن سىلىقلىق بىلەن تۇتۇپ ئالىقىنىغا سۆيۈپ قويىدۇ، قورامىغا يەتكەن ئەرلەر مۇتىۋەرلەرنى ئۇچراتقاندا، ئادەتتە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش قائىدىسى بويىچە كۆرۈشىدۇ. ئەگەر باردى - كەلدىسى قويۇق، يېقىن ئارىلىشىۋاتقانلار بولسا، ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، بىر - بىرىگە بولغان ھۆرمىتىنى ۋە قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاياللار كۆرۈشكەندە، ئادەتتە قۇچاقلىشىدۇ، يېشى چوڭراقى كىچىكىنىڭ كۆزىگە ۋە مەڭزىگە سۆيۈپ قويىدۇ، كىچىكى چوڭلارنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويىدۇ، تەك دىمەتلىكلەر

ئۆزئارا مەڭزىگە ۋە ئاغزىغا سۆيۈپ قويىدۇ. يىگىتلەر كۆرۈشكەندە، بىرىنچىدىن، قول ئېلىشىدۇ، ئىككىنچىدىن، قولىنى قارشى تەرەپنىڭ كالپۇكىغا تەگكۈزۈپ، ئۆز ئارا بىر-بىرىنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ. ئەر-ئاياللار كۆرۈشكەندە، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئالەقىنىغا سۆيۈپ قويىدۇ، ئەرلەر ئاياللارنىڭ بېشىنى سەل پەل بېسىپ قويۇپ ئۆزئارا ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ. تاجىكلار ئۆزئارا تونۇشمايدىغان كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ ئىنتايىن قىزغىن ھال-ئەھۋال سورىشىدۇ ھەمدە ئىككى قولىنىڭ باشمالتىقىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، ئىنتايىن قىزغىن ھالدا «گىگئەمەكىجۇ» دەپ ئۆزئارا مەدەتلىشىشنى تىلەيدۇ.

موڭغۇللار ھازىر ئادەتتە قول ئېلىشىپ سالاملىشىدۇ. مۆتىۋەرلەر كىچىكلەرنى كۆرگەندە «سەنيۇ»(«ياخشىمۇسىز») دەپ ھال-ئەھۋال سورايدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنى كۆرگەندە، «سەنبەنتا» (سىزمۇ ياخشى تۇردىڭىزمۇ) دەپ سالام-سائەت قىلىشىدۇ. ئادەتتە ياشلار ياشانغانلار بىلەن ئۇچراشقاندا، باش ئېگىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ «ئامۇربەنە» (ئامانلىق تىلەيمەن) دەيدۇ. ئەزىز مېھمانلارغا بولغان قائىدە-يوسۇن ئىنتايىن داغدۇغىلىق بولۇپ، مېھمان كەلگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان پاسىل چېگرىسىدا كۈتۈپ تۇرىدۇ ھەمدە گۆش، ھاراق ۋە سۈت يېمەكلىكلىرى تەييارلاپ قويىدۇ، دىدار كۆرۈشكەندە، ھاراق تۇتۇپ، خادا سوۋغا قىلىدۇ، خوشلاشقاندىمۇ پاسىلغىچە ئۇزىتىپ ھاراق تۇتۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا بولغان ھۆرمىتىنى، قىزغىنلىقىنى ۋە سەممىي-ساداقىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئىنتايىن قىزغىن، مېھماندوست كېلىدۇ. قازاقلار يوقلاشقا كەلگەن مېھمانلارنى مەيلى تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن، ئائىلىسىدىكى ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلىرىنى

ئالدىغا قويۇپ سەممى ھالدا كۈتۈۋالىدۇ. ئەزىز مېھمان بولسا، قوي سويۇپ ئۇبدان كۈتۈۋالىدۇ. تاماق كەلتۈرۈلگەندە، ساھىبخانا ئالدى بىلەن بىرلىگەن گۆشنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ، مېھمانغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. مېھمان بولغۇچى قوي كاللىسىنىڭ ئوڭ ئىڭىكىدىن بىر پارچە گۆشنى شىلىۋېلىپ لىگەنگە قويۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە قوي كاللىسىنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىۋېلىپ داستىخاندا ھازىر بولغان بالىلارغا بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قوي كاللىسىنى ساھىبخانىغا سۇنۇپ، ئاتامىلارغا ئېغىز تەگكۈزىدۇ. ئەگەر مۇنداق قىلىنمىسا، ئەدەبسىزلىك، دەپ قارىلىدۇ.

قىرغىزلار مېھمانلارنى گۆش بىلەن كۈتكەندە، ئالدى بىلەن قوينىڭ قۇيرۇق مېيىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يانپاش گۆش ۋە قوي كاللىسىنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. مېھمان گۆشكە ئېغىز تەگكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئازراقىنى ساھىبخانا ئائىلىسىدىكى ئابالار ۋە بالىلارنىڭ ئېغىز تەگكۈزۈشىگە سۇنىدۇ. باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن غىزالانغاندا، قاچىدا ئازراق ئاشۇرۇپ قويۇپ، ساھىبخانىنىڭ ئىنتايىن مول يېمەكلىكلەر بىلەن كۈتكەنلىكىنى، مېھماننىڭ يەپ بولالمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بەرھىر جەھەتتە: ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى توڭگۇز گۆشىنى مەكرۇھ دەيدۇ ۋە بوغۇزلانمىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر قايسىسىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئادەتلىرىمۇ بار، مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن سىلكىمەيدۇ. سۇپىدا ياكى پاياندازدا ئولتۇرغاندا، يۈكۈنۈپ ياكى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ، سوۋغات قوبۇل قىلغاندا ياكى سىنچاي ئالغاندا ئىككى قوللاپ ئالىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئەدەبسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. غىزادىن كېيىن دۇئا-تەكبىر ئېيتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ھاكۆيىقىپ ئۇيان، بۇيان قاراپ ئول-

تۇرۇشقا ياكى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە بولمايدۇ. قازاقلار ئېگىسىنىڭ ئالدىدا چارۋا ماللىرىنى سانىمايدۇ. ئاتلىق قوي قوتانلىرىغا كىرمەيدۇ ياكى كېگىز ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشمەيدۇ، شۇڭا ئاتنى قوروققا باغلاشتىن ئىلگىرى ئاتتىن چۈشۈشى شەرت، يەنە ئېگىسىنىڭ ئالدىدا بوۋاق باللىرىنى «بەك سېمىزكەن»، «بەك چىرايلىقكەن» دېگەنگە ئوخشاش ماختاش گەپلىرىنى قىلمايدۇ. ئەگەر شۇنداق دېسە «ئاممەت قېچىپ كېتىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. قىرغىزلاردا مېھمانلار ئىشىكتىن ئۇدۇللا چىقىپ كەتمەيدۇ، كەينىچە چىقىدۇ. تاجىكلار ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ قوتانغا كىرمەيدۇ ۋە تۇللەۋاتقان قوزىلارغا قارىمايدۇ. سۆزلىگەندە باش كىيىمنى ئېلىشنى ئېغىر ئالىدۇ. ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە پاراڭلاشقاندا باش كىيىمنى ئېلىۋېتىپ پاراڭلىشىدۇ. چارشەنبە، بەكشەنبە كۈنلىرى چارۋا مال سودىسى قىلىشمايدۇ ۋە قەرز قايتۇرمايدۇ. شىبەلەر بىر-بىرىگە بىچاق، قەلەمتۇراچ سۇنغاندا، پىچاق ئۇچىنى ئۆزىگە قارىتىپ، سېپىنى قارشى تەرەپكە قارىتىپ سۇنىدۇ، سېرىق رەڭنى مەنئى قىلىدۇ.

## مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

**17. 1949 - يىلدىن ئىلگىرىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتى قانداق ئىدى؟**

**جاۋاب:** 1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ ئاساسەن فېئودال پومېشچىك، چارۋىدارلار ئىگەلىك تۈزۈمدە بولۇپ، فېئودال مىلىتارىستلار، پومېشچىكلار، دىنىي يۇقىرى قاتلام ئۆز ئارا بىرلەشكەن فېئودال يەرلىك ھاكىمىيەت ئىلىكىدە تۇراتتى. ئۇلار پومېشچىك، چارۋىدارلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇنداق ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشى ئاستىدا، پومېشچىك، چارۋىدارلار شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ 90% ئۆپچۆرىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇلار ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىگە سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ۋە ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىزىپ، تالان تاراج قىلاتتى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تەخمىنەن سەككىز پىرسەنتنى ئىگىلىگەن پومېشچىكلار دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى 60 - 70 پىرسەنتكىچە بولغان يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تەخمىنەن ئون پىرسەنتنى ئىگىلىگەن چارۋىدارلار چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 70% - 80% چارۋىغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدا، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى يانچىلىق تۈزۈمدىكى ئىنتايىن جاپالىق ھالەتتە ياشايتتى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا ئىدى.

**18. شىنجاڭنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتى قانداق ئېلىپ بېرىلغان؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەز-

گىلدە، دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، بېزا ئو-
مۇمىي ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان كەڭ بېزىلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەر ۋە باشقا ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ قولىدا ئىدى. شۇڭا يەر ئىسلاھاتىنى مەركەز قىلغان دېموكراتىك ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىلىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد قىلىندى. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي ئارزۇسى ۋە كۈچلۈك تەلىپى ئىدى. شۇنداقلا ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دۇچ كەلگەن مەركىزىي ۋەزىپە ئىدى.

شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى يەر مۇناسىۋىتى، چارۋىچىلىق رايونلىرى مۇناسىۋىتى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان، دىنىي تەسىر بىر قەدەر چوڭقۇر بولغان ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى: شىنجاڭدا دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا «ئېھتىياتچانلىق، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن پۇختا ئىلگىرىلەش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تولۇق تايىنىش ۋە ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىش، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش كەڭ بىرلىك سەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، رەھبەرلىكى، تەشكىللىك تەرتىپى، تەييارلىقى بولغان ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، فېئودال كۈچلەرنى ئاجىزلىشىشتىن ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش مەقسەت قىلىنغان بىر قاتار پۇختا، باسقۇچمۇ باسقۇچ ئىلگىرىلەش، ۋاقتى كەلگەندە دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ غەلىبىسىنى تامامەن قولغا كەلتۈرۈش، فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىش تۈزۈمىنى ئۈزۈل - كېسىل بەربات قىلىش دەپ بەلگىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىك ئىسلاھات داۋامىدا كۆپ مىللەتلىك رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشقا ئاشتىن - ئاخىر دىققەت قىلىپ، ئېھتىياتچانلىق، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئوختا قەدەم بېسىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇش ئىرلىك سىپى فۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، بولۇپمۇ مىللىي، دىنىي زاتلار ساھەسىدىكىلەرگە بولغان خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەندى. شىنجاڭنىڭ يېزىلىرى، چارۋىچىلىق رايونلىرى، سودا - سانائەتچىلىرى، دىنىي ساھە قاتلاملىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋاللىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، يەنە تۆۋەندىكى سىياسەتلەر قاتتىق ئىجرا قىلىندى: چارۋىچىلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، جۈملىدىن پومېشچىكلار، سودا - سانائەتچىلەر ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىقنى بىردەك قوغداپ ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش؛ چارۋىچىلىق ۋە يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بارماسلىق، كۈرەش قىلماسلىق، تەقسىملىمەسلىك، سىنىپىي تەركىب ئايرىماسلىق ۋە چارۋىدارلار بىلەن چارۋىچىلاردىن ئىبارەت ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق بولۇشنى يولغا قويۇش؛ سودا - سانائەتچىلەرنىڭ نورمال تىجارىتىنى قوغداش ۋە ئۇلارغا يار - يۆلەك بولۇش، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىي ئىگىلىككە تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالنىڭ ھەر ئىككىسىگە پايدا يەتكۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە ئەركىن سودىنى يولغا قويۇش، مەسچىت، لاما بۇتخانىلىرى، مەدرىسلەر (مەكتەپ)، مازارلارنىڭ يېرىنى، ئۆي - ماكانلىرى، مال - مۈلۈكلىرى قاتارلىقلارغا قارىتا مۇسادىرە قىلماسلىق، سېتىۋالماسلىق، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە بىردەك ھۆرمەت قىلىش؛ ئادەتتىكى دىنىي زاتلارنى دېھقانلارغا ئوخشاشلا تەقسىمات بەر مۇنىسىگە ئىگە

قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان دېموكراتىك زاتلار ۋە ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلاشقان دېموكراتىك زاتلار ھەمدە ھەر مىللەت، ھەر قايسى دىنىي مەزھەپلەردىكى يۇقىرى قاتلام زاتلارنىڭ ئائىلىسى پومېشچىك تەركىبىدە بولسىمۇ ھەمدە ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولۇپ، قانۇنغا رىئايە قىلىپ جىنايىتىگە توۋا قىلغان بولسىلا، ھۆكۈمەت ئاممىغا تەربىيە خىزمىتى ئىشلەپ، ئۇلارنى كۈرەش قىلماسلىق ھەمدە مۇسادىرە قىلىش ۋە مال-مۈلكىنى تەقسىملەشنى ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت.

مانا بۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ تۈزۈلگەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش سىياسىتى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى قاتلام خەلقى، ئالدى بىلەن كەڭ نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇنداقلا نۇرغۇن يۇقىرى قاتلام زاتلارنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشتى. بۇلار دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى. دېموكراتىك ئىسلاھات دەل تولۇق تەييارلىق قىلىش شەرت - شارائىتىدا قانات يايدۇرۇلغان، يەنە كېلىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن سىياسەتلەر قاتتىق ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتىنى غەلىبىلىك تاماملىدى.

**19 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاچان قۇرۇلغان؟ ئاپتونوم رايون تەۋەلىكىدە يەنە قانداق ئاپتونومىيىلىك جايلار قۇرۇلدى؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، ئەمما ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت، ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1955 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى تەرەققىي قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىپ 3 مىليون 760 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇيغۇرلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان؛ قازاقلار، خۇيزۇلار، موڭغۇللار، قىرغىزلار، تاجىكلار، شىبەلەرنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، نىسبىي توپلاشقان ھالەتتە ئولتۇراقلاشقان. مانا بۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا مىللەتلەر نىسبىي توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇش شەكلى قوللىنىلدى؛ بۇنىڭدا مىللەتلەر ئاممىلىرى بەلەن رايون ئاممىلىرى بىرلەشتۈرۈش تولۇق گەۋدىلىنىپلا قالماستىن، سىياسىي ئامىل بىلەن ئىقتىسادىي ئامىلنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنداقلا يەنە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يولغا قويۇشقا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاپتونوم ناھىيە، ئاپتونوم ئوبلاست تەدرىجىي قۇرۇلۇش ئاساسىدا، 1955-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى قۇرۇلغان. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون تەۋەلىكىدە يەنە ئاپتونوم ئوبلاست، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلدى، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا:

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

(1954-يىل 6-ئاينىڭ 23-كۈنى قۇرۇلغان)

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

(1954-يىل 7-ئاينىڭ 13-كۈنى قۇرۇلغان)

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى

(1954-يىل 7-ئاينىڭ 14-كۈنى قۇرۇلغان)

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

( 1954 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلغان )

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

( 1954 - يىل 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قۇرۇلغان )

بەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى

( 1954 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلغان )

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى

( 1954 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قۇرۇلغان )

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

( 1954 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇرۇلغان )

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى

( 1954 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قۇرۇلغان )

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

( 1954 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇرۇلغان )

بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

( 1954 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قۇرۇلغان )

**20 . شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئاپتونوم رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن قانداق ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ؟**

**جاۋاب :** « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنى » ، « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى » دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيىلىك ئورگانلىرى ، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە تۆۋەندىكىلەردىن بەھرىمەن بولالايدۇ :

( 1 ) ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش ھوقۇقلۇق .

( 2 ) يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارارنامىسى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارارى ، بۇيرۇقى ۋە يوليورۇقلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولسا ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىشقا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىشقا ھوقۇقلۇق .

(3) ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا ، شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىرقانچە خىل يېزىقنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق .

(4) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ئىشچىلىرىنى ئۆز ئالدىغا تەربىيىلەيدۇ .

(5) دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش فاڭجېنى ، سىياسىتى ۋە پىلانلىرىنى ئۆز ئالدىغا تۈزىدۇ . يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ .

(6) ئۆز جايىنىڭ بايلىقىنى قانۇن بويىچە قوغداشقا ۋە مۇۋاپىق ، ئاۋۋال ئېچىپ پايدىلىنىشقا ھوقۇقلۇق .

(7) دۆلەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تاشقى سودا ، چېگرا سودىلىرىنى ئۆز ئالدىغا قانات يايدۇرىدۇ .

(8) مەدەنىيەت ، مائارىپ ، پەن - تېخنىكا ، سەھىيە ، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدۇ .

(9) ئۆز جايىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇق - مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ .

(10) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ پۇقرالىرى مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيدۇ ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك

ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ يۇقىرىدىن بولىدۇ.

يۇقىرىقى ھوقۇقلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيىلىك ئورگانلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ھەمدە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

**21. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەرلىك خاراكتېرلىك قايسى قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى؟ بۇ قانۇن - نىزاملار قانداق رول ئوينىماقتا؟**

**جاۋاب:** ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاتا قىلغان ھوقۇقلارغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1979 - يىل 11 - ئايدىن 1991 - يىل 5 - ئايغىچە جەمئىي 72 يەرلىك قانۇن - نىزام ۋە قانۇن - نىزام ئىگە قارار نامە، قارار تۈزۈپ چىقتى ۋە ئۇلارنى ماقۇللىدى. سەككىز يەرلىك قانۇن - نىزامنى تەستىقلىدى. بۇ قانۇن - نىزام ۋە قارار، قارار نامىلار ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئىگىلىك باشقۇرۇش، بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، ئامانلىقنى ساقلاش قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەرگە چېتىلغان. بۇ قانۇن - نىزاملار، قارارنامىلار ۋە قارارلاردا روشەن ھالدا شىنجاڭنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىئىي بايلىقنى قوغداش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق روناق تاپقۇزۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە ياخشى ئاساس يارىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەردى.

22. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆتكەن ھەر نۆۋەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى كىملەر؟ ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا قايسى مىللەت يۇقىراسىدىن بولغان؟

جاۋاب: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆتكەن ھەر نۆۋەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى:

1949-يىل 9-ئايدىن 1955-يىل 9-ئايغىچە بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولدى.

1955-يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە ئېچىلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-سانلىق يىغىنىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سەيپىدىن ئەزىزى سايلاندى.

1959-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سەيپىدىن ئەزىزى سايلاندى.

1964-يىل 3-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سەيپىدىن ئەزىزى سايلاندى.

1968-يىل 9-ئايدا، مەركەزنىڭ تەستىقى بىلەن، لۇڭ شۇجىن (خەنزۇ) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى.

1973-يىل 10-ئايدا، مەركەزنىڭ تەستىقى بىلەن، سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى.

1978 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا ۋاڭ فېڭ ( خەنزۇ ) سايلاندى .

1979 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 2 - سانلىق يىغىنىدا ،شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە ئىسمايىل ئەھمەد سايلاندى .

1983 - يىل 4 - ئايدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە ئىسمايىل ئەھمەد سايلاندى .

1985 - يىلى 12 - ئايدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تۆمۈر داۋامەت سايلاندى .

1988 - يىلى 1 - ئايدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تۆمۈر داۋامەت سايلاندى .

**23 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆتكەن ھەر نۆۋەت خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى قايسى مىللەت ۋەكىللىرىدىن بولغان ؟ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى مىللەت تەركىبى ئەھۋالى قانداق بولدى ؟**

جاۋاب : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلار ئۆتىگەن ؛ ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا :

1979 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇ-

رولتىيىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تۆ-مۈر داۋامەت سايلاندى .

1983 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇ-رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تۆمۈر داۋامەت سايلاندى .

1985 - يىل 12 - ئايدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا ھامىدىن نىياز سايلاندى .

1988 - يىل 1 - ئايدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتې-تىنىڭ مۇدىرلىقىغا ھامىدىن نىياز سايلاندى .

1988 - يىل 1 - ئايدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتې-تىنىڭ ئەزالىقىغا 37 كىشى سايلاندى . بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىل-لەتتىن بولغان ئەزالار 21 بولۇپ ، ئومۇمىي ھەيئەت سانىنىڭ 64.8 پىرسەنتىنى ، خەنزۇ ئەزالار 13 بولۇپ ، 35 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ، مۇ-ئاۋىن مۇدىرلىرى 13 ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بول-غىنى توققۇز بولۇپ ، 69 . 23 پىرسەنتىنى ، خەنزۇ تۆت بولۇپ ، 30.77 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى .

1991 - يىلى 5 - ئايدا ، ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك

خەلق قۇرۇلتىيى 4 - سانلىق يىغىنىنىڭ تولۇقلاپ سايلىشى بىلەن دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى 64 ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەزالار 41 بولۇپ ، 64.06 پىرسەنتىنى ، خەنزۇ 23 بولۇپ ، 35.94 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر ، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ھەمدە باش كاتىپى 15 ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغىنى ئون بولۇپ ، 66.67 پىرسەنتىنى ، خەنزۇ بەش بولۇپ ، 33.33 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى .

**24 . شىنجاڭدا ھازىر قانچىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بار ؟ ھەر قايسى ناھىيە ( شەھەر ) ، رايون ( شەھەرگە قاراشلىق رايون ) ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىدىن قانچىلىك بار ؟**

**جاۋاب :** ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى ئىشقا قويۇش — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئۇنى يولغا قويۇشتىكى زۆرۈر شەرت ، جۇملىدىن دۆلەتنىڭمۇ ئىزچىل سىياسىتى . نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ، ئاپتونوم رايون تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ ، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلىدى . نۆۋەتتە ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 243 مىڭغا يېتىپ ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 46.15 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ھەر خىل كەسپىي ، تېخنىك خادىملىرى 171 مىڭ بولۇپ ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي ، تېخنىك خادىملىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 45.65 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . بۇلار سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ، مائارىپ ، پەن - تېخنىكا ، ساقلىقنى ساقلاش ، سەھىيە قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غان ئىختىساسلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى شەكىل-لەندۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)لەردە، رايون (شەھەرگە قاراشلىق)لاردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ئە-چىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 89.88 پىرسەنتنى، خەنزۇلار 11.11 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە ئاساسىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرىلىرى ئۆتىمەكتە.

25. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلاردا رولىنى قانداق جارى قىلدۇرىدۇ؟

جاۋاب: شىنجاڭدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن تار-تىپ يېزىلىق، بازارلىق ھەمدە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ باشلىقلىقىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆتەيدۇ. مەمۇرىي باشلىق بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى تۈرلۈك خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندا، تۈرلۈك چوڭ - چوڭ تەد-بىرلەرنى تۈزگەندە، دۆلەتنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ يەرلىك چوڭ - چوڭ ئىشلىرى ھەققىدە پىكىر بايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە توغرا پىكىرلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە. دېمەكچىمىزكى، ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان «كۆكرەك كېرىپ دېيلو بېكىتىش» ھوقۇقىغا ئىگە، ئۇلاردا «ۋەزىپە، ھوقۇق، مەسئۇلىيەت» ئۈچى بىر گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىچىدە بۇ تولۇق گەۋدىلەنگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا ھوقۇقىنى تولۇق ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە.

شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئاساس قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىل-

لەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردە ئاساسلىق رەھبەرلىك ئورنىغا ئىگە بولغان بولۇپ، تەشكىل قىلىنغۇچى خادىملار ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى نىسبەتتە ساقلىنىپ كېلىنـ مەكتە. يەرلىكنىڭ سايلام قانۇنىدا يەنە ئېنىق قىلىپ: ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي ئەزالىرىنىڭ پەرقلىك سان بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا، بەقەت ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرى ئىچىدە ئېلىپ بېرىـ لىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئارقىلىق ئايرىم ئاز سانلىق مىللەت كاـ دىرلىرى سايلامدىن قېپقېلىشتىن، بۇنىڭ بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆـ كۈمەتنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملار ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

جۇڭگودا بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ، خەلق سايلام ئارقىـ لىق ئۆز ۋەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ھەر مىللەت كاـ دىرلىرىنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ چاكىرى. 40 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلگەچكە، ئۆز مىللىتى ۋە باشقا مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن كەڭ، زىچ ئالاقىدا بولغاچقا، ئۇلار دۆلەت باشقۇـ رۇش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە ھوقۇقىنى تولۇق ئىشلىتىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋە خەنزۇ خەلقىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى تېـ خىمۇ ياخشى قوغداپ، ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى بېجىرەلەۋاتىدۇ.

**26. ھەر مىللەت پۇقرالىرى ئوخشاش ئىشتا ئوخشاش ھەق ئېلىشقا ئېرىشەلەمدۇ - يوق؟ ئىشچى قوبۇل قىلىش جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىغا ئېتىبار بېرىلەمدۇ - يوق؟**

جاۋاب: شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇلارغا ئوخشاش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئوخشاش ئىشقا ئوخـ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

شاش ھەق ئېلىش جەھەتتىن باراۋەر ھوقۇققا ئىگە، شۇنداقلا بولۇپ قالماي، بەلكى يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىشچى قوبۇل قىلىشتا، بەزى پەۋقۇلئاددە سىياسەتلەرنى ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنى قوبۇل قىلىشتىكى شەرتلەرنى مۇۋاپىق كەڭ قويۇپ بەردى. بۇ سىياسەت، تەدبىرلەر ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىلدى ۋە كاپالەتلىك قىلىندى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ سانى 1980 - يىلدىكى 188 مىڭدىن كۆپىيىپ 1990 - يىلى 490 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، 1.6 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. ئۇلار كۆمۈر، پولات، تۆمۈر، نېفىت، توقۇمىچىلىق، سودا قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلەپلا قالماي، يەنە يۇقىرى بىلىم تەلەپ قىلىدىغان يۇقىرى يېڭى تېخنىكا ساھەلىرىدىمۇ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. نۇرغۇن كىشىلەر ئالىي تېخنىك، كارخانا باشقۇرغۇچى بولۇپ قالدى. 10 مىڭدىن كۆپ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى 100 دىن ئارتۇق پاختا، يۇڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىدا تېخنىك تايانچىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى.

**27. شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ھۆرمەت قىلىنىدىمۇ - يوق؟**

جاۋاب: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ «ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 147 - ماددىسىدا: «قانۇنسىز ھالدا پۇقرالارنى نورمال دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغان ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن دۆلەت خىزمەتچى خا-
دىملىرىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلار ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەت-
لىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى
بىرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قا-
نۇنلارنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار
تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قى-
لىش جەھەتتە نۇرغۇن مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللاندى. مەسىلەن،
1978 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىل-
لەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت ئەمگەك باش ئىدارىسى بىرلىشىپ
ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون، مەركەز ۋە گوۋۇيۈەن-
نىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا: «خۇيزۇ قاتارلىق ئىشچى - خىزمەتچى-
لەرنىڭ تاماق قوشۇمچە راسخوتى مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش
توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى؛ 1979 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 -
كۈنى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتې-
تى بىرلىشىپ «خۇيزۇلارنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشقا زورلىماسلىق مە-
سىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. 1983 - يىل 1 - ئاي-
نىڭ 25 - كۈنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «تەشۋىقات،
ئاخبارات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ- ئادەتلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا
ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. 1986 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۆلەت
مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئا-
دەتلىرىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا
ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. 1989 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭگو
خەلق ھاۋا قاتنىشى شىركىتى «ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلەر خادىملى-
رىنىڭ تاماقنى ياخشىلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى.
1989 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتې-

تى ئىشخانىسى «خەلق ئاۋازى» قاتنىشى ئايروپىلانلىرىدا مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش »نى تارقاتتى. 1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قاتناش مىنىستىرلىكى نەقلىيات - ترانسپورت باشقۇرۇش مەھكىمىسى «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت يولۇچىلىرىنى تاماق بىلەن تەمىنلەشنى ياخشىلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش »نى تارقاتتى، ۋەھاكازالار. بۇ بەلگىلىمىلەر شىنجاڭدا ناھايىتى ياخشى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى ھەمدە بەزى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەر مۇناسىپ ھالدا چىقىرىلدى. بۇ پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئىنتايىن ياخشى ھۆرمەت قىلىندى.

ۋەھالەنكى، مىللەتلەرگە ئائىت بىلىملەر تەشۋىقاتىنى ئومۇملاشتۇرۇش يېتەرلىك بولمىغاچقا، بەزىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمىدى. شۇڭا ئايرىم كىشىلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلماسلىق ھادىسىلىرى ئاسادىيى يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى بۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ كەلدى.

**28 . شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ئەھۋالى قانداق؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭ ئاسىيا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بوستانلىق، تاغلىق رايون، چۆللۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە، بوستانلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسلىق تۇرىدىغان ماكانى. تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى بىلەن ئېكولوگىيىلىك بۇزۇ-

لۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بوستانلىقنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ نورمال ئايلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1949 - يىلدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1978 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ بوستانلىقىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى نۇقتىلىق قوغداش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مۇئەييەن ئۈنۈملەر بىلەن نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرگە ئېرىشتى.

(1) بوستانلىق ئىچىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سۈپىتى ئۆستۈرۈپ، بوستانلىقنىڭ سۇغۇرۇلۇش كۆلىمى كېڭەيتىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈزلەڭلىكتە ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىشنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، «ئۈچ شىمالىي» (جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمالدىكى بوران، قۇمنىڭ زىيىنى بىلەن سۇ، تۇپراقنىڭ كۆچۈپ كېتىشى ئېغىر رايونلار) ئىھاتە ئورمانلىقى سىستېما قۇرۇلۇشى شىنجاڭ قىسمىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1989 - يىلى خوتەن ناھىيىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت پىلانلاش مەھكىمىسى تەرىپىدىن «پۈتۈن يەر شارىدىكى 500 ئىلغار» ئورۇننىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى جانلىقلار، تۇپراق، قۇملۇق تەتقىقات ئورنى دۆلەت تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك قۇمنى تىزگىنلەشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە 51 ناھىيە (شەھەر)، 92 دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمانلىقىنىڭ تورلىشىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1945 - يىلدىكى 18 مىليون 501

مىڭ مودىن تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى 46 مىليون 303 مىڭ 300 موغا يەتتى. بوستانلىق كۆلمىنىڭ كېڭىيىشى كىچىك كىلىمات شارائىتىنى ياخشىلاپ، بوران، قۇمنىڭ زىيىنىنى ئاجىزلىتىپ، نىسپىي تېمپېراتۇرىنى ئاشۇرۇپ، كۈنلۈك تېمپېراتۇرا پەرقىنى كىچىكلىتىپ، سۇ بايلىقىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى بىلەن يەر بايلىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە مۇھىت سىغىمچانلىقىنى ئۆستۈردى.

(2) قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. جۇڭگونىڭ مۇھىتنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلىرى شىنجاڭدا ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىندى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك مۇھىتنى قوغداش باشقۇرۇش، ئۆلچەش ۋە پەن تەتقىقات ئورگانلىرى تەدرىجىي قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قاتار يەرلىك مۇھىت قوغداش، زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ بۇلغىغۇچى ماددىلارنى چىقىرىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىش قاتارلىق تۈزۈملەر تۈزۈلدى ۋە يولغا قويۇلدى. سانائەتنىڭ «ئۈچ كېرەكسىز نەرسە» بىلەن شەھەر تۇرمۇشىنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئىدارە قىلىندى.

(3) ئەتىۋارلىق ۋە ئاز ئۇچرايدىغان ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى قوغدالدى، كۆپەيتىلدى ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنىلدى. دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغداش قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ياۋايى ھايۋانلاردىن 63 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: بىرىنچى دەرىجىلىكلەر 20 خىل، ئىككىنچى دەرىجىلىكلەر 43 خىل: دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغداش قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر 59 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: بىرىنچى دەرىجىلىكلەر ئىككى خىل، ئىككىنچى دەرىجىلىكلەر 20 خىل، ئۈچىنچى دەرىجىلىكلەر 37 خىل: تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايونلاردىن 20 قۇرۇلدى بۇنىڭ

ئىچىدە : دۆلەت دەرىجىلىك ئۈچ ئورۇن ( قاناس تەبىئىلىكى قوغدى-
لىنىدىغان رايونى ، بايىنبۇلاق تەبىئىلىكى قوغدىلىنىدىغان رايونى ،
ئالتۇن تاغ تەبىئىلىكى قوغدىلىنىدىغان رايونى ) ، ئاپتونوم رايون
دەرىجىلىك 17 ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 102 مىڭ كۋادرات كىلو-
مېتىر بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەبىئىلىكى قوغدىلىنىدىغان را-
يونلار ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 45 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ ، مەملىكەت بويىچە
تەبىئىلىكى قوغدىلىنىدىغان رايون ئەڭ كۆپ ، كۆلىمى ئەڭ چوڭ رايون
بولۇپ قالدى .

60 - يىللارنىڭ ئاخىرى ، 80 - يىللارنىڭ دەسلەپكى ئون
نەچچە يىل مابەينىدە ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئاھالىلەر ھەرىكەتلىنى-
دىغان دائىرىدىن يىراق ، ئادەمزاتسىز رايوندا چەكلىك بىر نەچچە
قېتىملىق يادرو سىنىقى ئېلىپ باردى . يادرو ساھەسىدىكى ئالىملار-
نىڭ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشىچە ، يادرو سىناق نۇقتىسىنىڭ ئادەم-
لەر ھەرىكەتلىنىدىغان رايوندا پەيدا قىلىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك رادى-
ئاتسىيە مىقدارى پەقەت تەبىئىي رادىئاتسىيە مىقدارىنىڭ 1/2000 گىلا
تەڭ بولۇپ ، كىشىلەرگە زىيىنى يوق ئىكەن . 80 - يىللارغا كىرگەن-
دىن كېيىن ، يادروسى بار دۆلەتلەرنىڭ يادرو سىنىقى يەر ئاستىدا
ئېلىپ بېرىلدى ، مەملىكىتىمىزمۇ ئاتموسفېرا قەۋىتىدە ئېلىپ بېرىلىد-
ىغان يادرو سىنىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن توختىتىپ ، يەر ئاستىدا سى-
ناق قىلىشقا ئۆزگەرتتى . جۇڭگو يادرو قوراللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك
چەكلەش ۋە ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش تۈپ مەيدانىنى ئاساس قى-
لىپ ، يادرو سىنىقى جەھەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، يادرو سىنىقى قېتىم
سانىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چەكلىك ئېلىپ باردى . شۇڭا شىنجاڭدا ئېلىپ بې-
رىلغان يادرو سىنىقىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چەكلىك بو-
لۇپ ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا زىيان يەتكۈزمىدى .

لېكىن شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سۈپىتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سانائەتنىڭ تەدرىجىي تەرەق-
قىي قىلىشى بىلەن شەھەرلىشىش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە
ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، مۇھىتنىڭ
بۇلغىنىشىنى ۋە ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپى-
سى خېلى جاپالىق بولماقتا.

**29. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللى-
نىش ئەھۋالى قانداق؟**

جاۋاب: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇر تىل - يېزى-
قى بىلەن خەنزۇ تىل - يېزىقى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ. شىنجاڭ
كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق، كۆپ يېزىقلىق رايون، قازاق، قىر-
غىز، موڭغۇل، شىبە، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئو-
مۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقى بار. مىللەتلەر تىل - يېزىقى-
نىڭ قوللىنىشى بىلەن تەرەققىي قىلىشى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ
سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ئىشلى-
رىنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رولارنى ئوينايدۇ. 40 نەچچە
يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1978 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى يە-
رلىك ھۆكۈمەتلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش
ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، نۇرغۇن
ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈردى. بىرىنچى، ئاپتونومىيىلىك ئورگانلار ۋەزىپىسى
يۈرگۈزگەن چاغدا، شۇ جايدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىۋاتقان بىر خىل
ياكى نەچچە خىل تىل - يېزىقنى قوللاندى. مەسىلەن، ئاپتونوم را-
يون دائىرىسىدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىل - يېزىقنى ئىش-
لىتىپ كەلدى؛ ھەر قايسى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەر-
نىڭ ھەممىسى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزگەن مىللەتنىڭ تىل-
يېزىقى بىلەن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللاندى؛ ھەر [illegible]

نوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلغان مەزگىلدە، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىزدىن ئىبارەت بەش مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى قوللىنىلدى؛ ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ۇجەت، تامغا، ۋىۋىسكا ۋە ھەر خىل تاۋارلارنىڭ ماركىسى قاتار-ىقلاردا مىللىيچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىق ئىشلىتىلدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى دېلولارنى بېجىرگەندە ۋە ھۆكۈم چى-قارغاندا دەۋالاشقۇچىلارنىڭ مىللەت تەركىبىگە ئاساسەن، شۇ جاي-دا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان بىر تىل ياكى بىرنەچچە تىل - يېزى-قى قوللاندى. ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىدى-كى ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىنو ئىشلىرى نە-رەققىي قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈندى. مەسىلەن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە تۆت خىل يېزىقتا چىقىرى-لىدۇ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە مائارىپ نەشرىياتىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبەدىن ئىبارەت ئالتە مىللەت يې-زىقىدىكى تەھرىر بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالتە خىل يېزىقتىكى كىتاب، ژۇرنال ۋە دەرسلىكلەر نەشر قىلىندۇ؛ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭ-غۇل، قىرغىزدىن ئىبارەت بەش خىل تىلدا ئاڭلىتىش بېرىدۇ؛ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۈچ دولقۇندا ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئۇي-غۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدا كۆرسىتىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە سانجى، مىچۇەن، شىخەنزىدىن ئىبارەت ئاز ساندىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئۆزېلىدىن باشقىلار ئومۇميۈزلۈك ئىككى خىل تىلدىن ئارتۇق تىلدا ئاڭلىتىش بېرىپ، كۆپ خىل تىلدا ئاڭلىتىش ۋە كۆرسىتىش تورى شەكىللەندى. ئۈچىنچى، مەكتەپلەردە ئۆز مىللى-تىنىڭ تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. 1988- يىل 12 - ئايدا ئاپتو-نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ

مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى ئېلان قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىشنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈن سايىن كۆپەيدى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دوستلۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ئارزۇسى بارغانسېرى كۈچەيدى. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق، كۆپ يېزىقلىق رايوندا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشىنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ھەپتىدە بىر جۈملە سۆز» دېگەن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش مەخسۇس پروگراممىسىنى ئاچتى. يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە، مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتۈلدى. بۇ تەدبىرلەر، ئۇسۇللار، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

**30. شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندىمۇ - يوق؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغان فۇنكسىيىلىك ئاپپاراتى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى. ئۇنىڭ

ئاساسلىق ۋەزىپىسى: ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەڭ،
باپباراۋەرلىك ھوقۇق - مەنپەئىتى بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ئالاقىدار ئىشلارنى
باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
تەڭ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئورتاق
گۈللىنىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي
مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار ئىشلارنى بېجىرىدۇ؛ مۇناسىۋەتلىك تار-
ماقلارنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىدا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى تەتقىق قى-
لىپ تۈزۈشكە ماسلىشىدۇ ھەمدە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈ-
رۈشكە ۋە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ مۇناسىۋەتلىك ئور-
گانلارغا ماسلىشىپ، ماركسىزملىق مىللەت كۆز قارىشى ۋە مىللىي
سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، مىللىي سىيا-
سەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛
مىللەت تونۇش ۋە ئاز سانلىق مىللەت تەركىبىنى بېكىتىش خىزمىتىنى
باشقۇرىدۇ؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر رايونلىرىغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىنىڭ تەقسىم قىلىنىش ۋە
ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى باشقۇرىدۇ؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن
بىرلىكتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ،
پەن - تېخنىكا، تەنتەربىيە، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈشكە ماسلىشىدۇ؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ چەت ئەللەرگە ئالاقىدار خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىدۇ، ۋەھاكازالار. بۇلاردىن سىرت، ئاپتونوم
رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈ-
مەتلەردىمۇ مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتى ئاپپاراتلىرى تەسىس
قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دىنىي ئېتىقاد

**31. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىندىمۇ - يوق؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، شۇنداقلا كۆپ دىنلىق رايون، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنلار ئاساسەن ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى (لاما دىنىمۇ دېيىلىدۇ) ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنىدىن ئىبارەت. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئاھالىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. دىنىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە كەڭ تەسىرى بار.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەزەلدىن ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىپ پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى، بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلىپ ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ۋە بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلماي، ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى، بۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى، بىر دىن ئىچىدە بۇ دىنىي مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ياكى ئۇ دىنىي مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە كاپالەتلىك قىلدى.

**32. شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى مەكتەپلەردە دىنىي دەرس تەسىس قىلىندىمۇ - يوق؟**

**جاۋاب:** جۇڭگودا، دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسى پۇقرالار-

نىڭ ئۆزى ئەركىن تاللايدىغان مەسىلە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋەتكەنلىكتىن، جۇڭگونىڭ قانۇنىدا. دىننىڭ مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەربىيىگە ئارىلاشماسلىق كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن. مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن. شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى مەكتەپلەردە دىنىي دەرس ئۆتۈلمەيدۇ. دىنىي بىلىملەر مەخسۇس دىنىي مەكتەپلەر بىلەن دىنىي پائالىيەتلەر جەريانىدا ئۆگىتىلىدۇ.

**33. شىنجاڭدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ يېتەرلىك دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى بارمۇ-يوق؟**

جاۋاب: شىنجاڭدا، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى پۈتۈنلەي قاندۇرالايدۇ. ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ مەسچىتلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى مىسال قىلىپ ئالساق، ھازىر شىنجاڭدا مەسچىتتىن 28 مىڭى دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرىدىن 183 ى بار. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ھەر 400 نەچچە ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىردىن پائالىيەت سورۇنى توغرا كېلىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت؛ بۇددا دىنى، تەرىقەتچىلىك دىنى، كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنى، پراۋۇسلاۋىيە دىنىدىكىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

**34. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما خالىغانچە مەسچىت، بۇتخانا سېلىشقا بولامدۇ؟ ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ مەسچىت، بۇتخانا سالامدۇ-يوق؟**

جاۋاب: جۇڭگودا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقنى پۇقرالار ئۆزى تاللايدۇ، بۇ پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەرىمەي بولۇشقا تىگىشلىك ھوقۇقى. شۇڭا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ سالغان. ھازىر شىنجاڭدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئېھتىياجىنى ئاساسەن قاندۇرالايدىغان بولغانلىقى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ئۇلارنىڭ مەبلىغىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا كۆپرەك ئىشلىتىش ھەمدە ئۇلارنى باشقۇرۇشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1988-يىلى 11-ئاينىڭ 9-كۈنى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»دە: ئاپتونوم رايون تەۋەلىكىدىكى بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ناھىيىدىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئىشلار تارماقلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە: تىزىمغا ئالدۇرۇلغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىپ، ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ دەخلى-تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەم يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئادەتتە مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ مەسچىت، بۇتخانا سالمايدۇ، لېكىن بىر قىسىم تارىخىي ئۇزۇن داڭلىق مەسچىت، بۇتخانىلار قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سۈپىتىدە مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ، رېمونت قىلىنىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ جامەسى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شەنشى مەسچىتى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پۇل ئاجرىتىپ رېمونت قىلىندى.

**35 . شىنجاڭدىكى دىنىي زاتلار سىياسىي جەھەتتە ، تۇرمۇش جەھەتتە قانداق تەمىناتلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ ؟**

جاۋاب : شىنجاڭدا ھازىر 20 مىڭدىن كۆپرەك دىنىي زاتلار بار. دىنىي ساھەدىكى زاتلار ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا باشقا پۇقرالارغا ئوخشاش تەڭ - باراۋەرلىك ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىن بەھرىمەن بولۇپ ، دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە سىياسىي مەسلىھەتكە قاتنىشىدۇ. ھازىر شىنجاڭدا 1000 دىن ئارتۇق دىنىي زات مەملىكەت ۋە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى.

دىنىي زاتلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش مەنبەسى ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئەمگەك كىرىمى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئىئانىسىدىن كەلگەن بولۇپ ، ھۆكۈمەت بىر قىسىم تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا مۇقىم ئىقتىسادىي قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ. ھازىر شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمەت ھەر يىلى 3 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەخسۇس ئاجرىتىپ ، ياشانغان ، تېنى ئاجىز ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار دىنىي زاتلارغا قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ.

**36 . شىنجاڭدىكى مەسچىت ، بۇتخانىلارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەن ؟ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن قانداق ئالاقىسى بار ؟**

**جاۋاب :** مەسچىت ، بۇتخانا باشقۇرۇش ئاپپاراتى — دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنىي زاتلارنىڭ كېڭىشىپ ، دېموكراتىك سايلىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارماقلىرى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت قىلمايدۇ ، لېكىن ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى بولغانىكەن ، ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلار بىلەن دىنىي تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭ-

شەش ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇن ، قانۇن ۋە سىياسەتلەر يول قويىغان دائىرىدە ھەر قايسىسى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆز ئالدىغا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ياردەملىشىش مەسئۇلىيىتى بار.

**37 . مۇسۇلمانلار سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىشقا بولامدۇ - يوق ؟**

**جاۋاب :** مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىشى ، ئىسلام دىنىنىڭ «بەش پەرز»نىڭ بىرسى ، بۇ بىر خىل نورمال دىنىي پائالىيەت. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەج - تاۋاپ قىلغۇچىلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېگىشلىك قولايلىقلارنى يارىتىپ بېرىدۇ. 1979 - يىلدىن بۇيان ، شىنجاڭدىن 9230 مۇسۇلمان مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىپ كەلدى.

بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى بەك باياشات بولمىغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشانغانلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى نەزەرگە ئېلىنىپ ، باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ھەج - تاۋاپ قىلىشقا بارىدىغانلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر توغرىسىدا قىسمەن بەلگىلىمە چىقاردى. مەسىلەن ، ھەج - تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ تەن - سالامەتلىكى ياخشى بولۇشى ، يېتەرلىك خىراجىتى بولۇشى ، ھەج - تاۋاپ قىلىش تۇپەيلىدىن ئائىلە تۇرمۇشىغا تەسىر يەتمەسلىكى كېرەك قاتارلىقلار. بۇ بەلگىلىمىلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقتىن ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

**38 . شىنجاڭدىكى دىنىي زاتلار قانداق يېتىشتۈرۈلىدۇ ؟**

**جاۋاب :** دىنىي زاتلار ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلات ھەمدە بەلگىلەنگەن شەرتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا تۆرلۈك يوللار بىلەن تەربىيىلىنىدۇ. ھازىر ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئاچقان بىر ئىسلام دىنى شۆيۈەنى بار بولۇپ ، ئۇ دىنىي

زاتلارنى يېتىشتۈرىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى، تۇنجى قاراردا 90 نەپەر تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، بەش يىل تەربىيەلەندى. ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، بۇ شۆيۈەن يەنە بىر قىسىم يېرىم يىللىق كۇرسلارنى ئاچتى. ھازىرغا قەدەر ئالتە قارار كۇرس ئېچىپ، 500 دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلىدى. ھەر قايسى رايونلار ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دىنىي تەشكىلاتلار دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ياش دىنىي زاتلارنى تەربىيىلىشى كېرەك.

**39. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي كىتابلار بىلەن تەمىنلىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىمۇ-يوق؟**

جاۋاب: دىنىي كىتابلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدۇ، ھۆكۈمەت بۇنىڭغا ئارىلاشمايدۇ. شىنجاڭدا دىنىي تەشكىلاتلار ۋە كىتابخانىلاردا دىنىي كىتابلار سېتىلىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 1979-يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى 400 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئەرەب يېزىقىدىكى دىنىي كىتابلار بىلەن تەمىنلىدى. شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى دىنىي بىلىمى يۇقىرى خادىملارنى تەشكىللەپ، قۇرئاننى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

**40. شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى شۆيۈەنىدە دەرس ئۆتىدىغان چەت ئەللىك خادىملار بارمۇ-يوق؟ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىدىمۇ-يوق؟**

جاۋاب: ئىسلام دىنى شىنجاڭدا مىڭ نەچچە يىللىق تارىخقا ئى-

گە. شىنجاڭدىكى دىنىي ساھەدىكىلەر ئىچىدە يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە خادىملار خېلى كۆپ. شۇڭا شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى دەرس ئۆتۈشكە چەت ئەللىك خادىملارنى تەكلىپ قىلمىدى.

شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى ئېچىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىدى، ھازىر نۇقسلىق ھالدا ئۆز رايونىغا دىنىي زاتلار يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن بۇ شۆيۈەنىڭ چەت ئەل ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش پىلانى يوق.

**41. چەت ئەللىكلەر شىنجاڭغا كېلىپ مەسچىت، بۇتخانىلارنى سېلىشقا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بەرسە ياكى دىن تارقاتسا بولامدۇ-يوق؟**

**جاۋاب:** جۇڭگو ھۆكۈمىتى چەت ئەل دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي مۇرىتلارنىڭ جۇڭگودىكى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي مۇرىتلار بىلەن دوستانە ئالاقە قىلىشىنى قارشى ئالىدۇ. مەسىلەن، 1980-يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى دىنىي تەشكىلاتلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پاكىستان، مىسىر، كۇۋەيت، شىمالىي يەمەن، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، لىۋىيە، ياپونىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردىن زىيارەتكە كەلگەن دىنىي تەشكىلاتلارنى كۈتۈۋالدى، شۇنداقلا خېلى كۆپ ئۆز ئالدىغا زىيارەتكە كەلگەنلەرنىمۇ كۈتۈۋالدى. شىنجاڭدىكى دىنىي تەشكىلاتلار ھەم ئىران، ئىراق، مىسىر، ئىئوردانىيە، لىۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ۋەكىللەر ئەۋەتىپ دىنىي ئىلمىي ئالماشتۇرۇشنى ئېلىپ باردى.

جۇڭگونىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرى مۇستەقىل ۋە ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، چەت ئەل دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ دىن تارقىتىشىغا يول قويمايدۇ. دىندىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ھەرگىز يول قويمايدۇ. لېكىن دىنىي ھېسسىياتنى

ئاساس قىلىپ، ھېچقانداق سىياسىي شەرتنى قوشۇمچە قىلمايدىغان ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

جۇڭگو تاموژنىسىنىڭ چەتتىن پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن ۋە شەخسلەر شىنجاڭغا ئېلىپ كىرىدىغان دىنىي كىتابلارغا بولغان بەلگىلىمىسى: دىنىي كىتابلار ھەدىيە تاپشۇرۇۋالغۇچى ياكى ئېلىپ كىرگۈچى مەلۇم مىقداردا چەكلىنىدۇ.

پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن ياكى ئېلىپ كىرگەن كىتابلار، ژۇرناللار، جۈملىدىن دىنىي كىتاب - ژۇرناللاردا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرىدىغان، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان مەزمۇنلار بولماسلىقى كېرەك.

**42. شىنجاڭدا قانداق داڭلىق مەسچىت، بۇتخانىلار بار؟ بۇ مەسچىت، بۇتخانىلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى قانداق؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭدا مەسچىت، بۇتخانىلار ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى داڭلىق مەسچىت، بۇتخانىلاردىن ھېيتكا جامەسى، شەنشى مەسچىتى، سۇ بېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى، شىڭداۋ ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار.

**ھېيتكا جامەسى:** ھازىرقى شىنجاڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ھېيتكا مەيدانىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى تەخمىنەن 15 مو بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ جامە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چىنىق سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا سېلىنغان، چوڭ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىكى ئون مېتر كېلىدىغان ئىككى راۋاق بار. راۋاق دەرۋازىنىڭ تېمى بىلەن ئۇتىشىپ تۇرىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئىچىدە ئۈچ بۇرجەكلىك سەينا بولۇپ، ئوڭ، سول تەرەپتىن ھويلىغا كىرگىلى بولىدۇ. ناماز ئۆتەيدىغان ئورۇن ھويلىنىڭ غەربىدە بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكى 160 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 16 مېتر بولۇپ، ئىچكىرى ۋە تاشقىرى بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا 6000 - 7000 غىچە جامائەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىغىدۇ. ئۇ مەملىكەت ئىچىدىكى ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئىسلام دىنىنىڭ ئاماز ئۆتەيدىغان ئەڭ چوڭ سورۇنىدۇر.

**شەنشى مەسچىتى:** ھازىرقى شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى يۈكچى كوچىسىغا جايلاشقان. ئۇنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شەنشىلىك خۇيزۇلار ياسىغانلىقى، شەنشى مەسچىتى، دەپ ئاتالغان. بۇرۇن دەرۋازا، سەرراپ، بانكا بىناسى قاتارلىقلار بار ئىدى. كېيىنچە ئۇلار بۇزۇلۇپ كېتىپ، ھازىر پەقەت چوڭ خويلا (ئاماز ئۆتەيدىغان ئورۇن)لا ساقلىنىپ قالغان. ئالدى قىسمى يەككە ئاغىنمان لەمپىلىك، كەينى قىسمى ئۈستى سەككىز، ئاستى ئوت قەۋەت لەمپىلىك بولۇپ، ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرى ئىچىدە بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ تۇرغان مەسچىت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى.

**سۇبېشى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى:** ھازىرقى شىنجاڭ كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىن 23 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆللاغ تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىغا، تۇڭچاڭ دەرياسىنىڭ شەرق ۋە غەرب ئىككى قىرغىقىغا ئايرىم-ئايرىم جايلاشقان، بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ۋېي، جىن دەۋرلىرىدە ياسالغان. شەرق تەرەپتىكى ئىبادەتخانا تاغقا يۆلەپ ياسالغان، ئىچىدىكى ئۆيلەر، مۇنارلارنىڭ ھەممىسى خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، تامنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېگىز مۇناردىن ئۈچى بولۇپ، ئەڭ شىمالدىكىسى تاغ قاپتىلىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقسا پۈتۈن ئىبادەتخانىنى كۆرگىلى بولىدۇ. غەرب تەرەپتىكى ئىبادەتخانا خارابىگە ئايلىنىپ كېتىپ، پەقەت ئون مېتىردىن ئېگىز كېلىدىغان قورۇق تام بىلەن راھىبلار ياتاقلىرىنىڭ بىر قىسىم قالدۇقلىرى قېپقالغان. شىمال تەرەپتە بىر قاتار بۇددا ئۆڭكۈرلەر بولۇپ، تاملىرىغا كۆسەن يېزىقى بىلەن بۇددىستلارنىڭ ئوبرازلىرى ئويۇلغان.

**شىڭداۋ ئىبادەتخانىسى:** يەنە شېڭيۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى

شىنجاڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ نا-
ھىيە بازىرىدىن غەربىي شىمالدا تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان
ئورۇنغا جايلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ياسالغان،
كېيىن ئۈچ قېتىم رېمونت قىلىنغان. بۇتخانىنىڭ كەينى شىمالغا، ئال-
دى جەنۇبقا قاراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇكەممەل،
ئاساسلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىدا ساراي، چوڭ ساراي، ئارقا سا-
رايلار بولۇپ، شەرق، غەرب ئىككى ياندا يانداش سارايلار ھەمدە
شەرق - غەرب تەرەپتە ئىككى قوڭغۇراق راۋىقى بار. چوڭ سارايىنىڭ
ئىشىك بېشىغا خەنزۇچە «ۋاڭ يارلىقى بىلەن ياسالغان شىڭداۋ ئىبا-
دەتخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان، ساراي ئىچىگە توقۇلۇشى
نەپىس پەردىلەر تارتىلىپ تۇغلار تىكلەنگەن.

بۇ داڭلىق مەسچىت، بۇتخانىلار، ئەينى ۋاقىتتىكى دىنغا ئېتى-
قاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى بولۇپلا قال-
ماي، يەنە ھازىر چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلى-
دىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق مەنزىرىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

# ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش

**43. شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟**

**جاۋاب:** 1949-يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە قول سانائىتىنىڭ ھەممىسى تېز تەرەققىي قىلدى.

يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. شىنجاڭ يېڭىدىن ئازاد بولغان چاغلاردا، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 586 مىليون يۈەنلا ئىدى. دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ھازىر يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ماتور كۈچى 5 مىليارت 302 مىليون كىلوۋاتقا، ئېتىزلارنى تراكتورلاردا ئاغدۇرۇش نىسبىتى 79.4 پىرسەنتكە، سىيالغۇلار بىلەن تېرىش نىسبىتى 718 پىرسەنتكە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىقتا ئۇدا 13 يىل مول ھوسۇل ئېلىندى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1990-يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليارد 465 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلانغاندا، 1949-يىلىدىكىدىن 11.36 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.3 پىرسەنتتىن ئاشقان. ئاساسلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى زور كۆلەمدە ئېشىپ، ئاشلىق، پاختا،

گۆش ، ماي ، شېكەر ، قوي يۇڭى قاتارلىق مەھسۇلاتلار بىلەن ئۇزۇن-
نى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولۇپ ، مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك
پاختا ، شېكەر وە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇ-
ھىم بازىغا ئايلاندى .
زامانىۋى سانائەت دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى . 1919 -
يىلى ، شىنجاڭدا سانائەت كارخانىلىرىدىن 363 ى بار ( بۇنىڭ ئىچىدە
317 سى قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى بىلەن يەككە ھۈنەرۋەنچە-
لىك ) بار ئىدى ، ئۇلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممە-
تى 97 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولۇپ ، سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئومۇ-
مىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 3 .14 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى . ئاساسلىق
كەسپىي ئۈسكۈنىلەردىن 17 ستانوك ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 998
كىلوۋاتلىق گېنېراتوردىن 14 ، ئۈن تارتىش ماشىنىسىدىن بەشى بار
ئىدى . ئازادلىقتىن كېيىن ، دۆلەت شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقى-
رىش قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى .
1950 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ سانائەت قۇ-
رۇلۇشىغا سالغان مەبلىغى جەمئىي 20 مىليارد 861 مىليون يۈەنگە يې-
تىپ ، بىر تۈركۈم زامانىۋى سانائەت تايانچ كارخانىلار تەدرىجىي
قۇرۇلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئەسلىدىكى سانائەت كارخانە-
لىرى ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلدى ۋە كېڭەيتىلىپ قۇرۇلدى . ھازىر ، دەس-
لەپكى قەدەمدە تۈرلىرى بىر قەدەر تولۇق بولغان زامانىۋى سانائەت
سىستېمىسى شەكىللىنىپ ، سانائەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئومۇمىي
سانى 820 مىڭ كىشىگە يەتتى . 1990 - يىلى سانائەت ئومۇمىي ئىش-
لەپچىقىرىش قىممىتى 21 مىليارد 929 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، سانا-
ئەت ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 3 .60 پىر-
سەنتىنى ئىگىلەپ ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا ، 1949 -
يىلدىكىدىن 73 .141 ھەسسە ئاشتى . بىر قىسىم بايلىق مەنبەسى ئۈس-

www.uyghurkitap.com

ئۈنلۈككە ئىگە مەھسۇلاتلار تېز تەرەققىي قىلدى، نېفىت، خىمىيە سا-
نائىتى، يېمەكلىك، يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى، ئې-
نېرگىيە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار شىنجاڭدىكى يېتەكچى
سانائەت ۋە تايانچ سانائەتكە ئايلاندى، بەزىلىرى يەنە مەملىكەت
بويىچە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.

مىللىي ئەنئەنىۋى قول سانائەتكە ۋارىسلىق قىلىندى ۋە ئۇ تە-
رەققىي قىلدۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى قول سانائىتىنىڭ
تارىخى ئۇزۇن، ھۈنەر - سەنئىتى نەپىس، ئۆزگىچە. لېكىن ئازاد-
لىقتىن بۇرۇن، مىللىي ئەنئەنىۋى قول سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى ناھا-
يىتى ئاستا بولۇپ، ھۈنەرۋەن، ئۇستىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى
بەك تۆۋەن ئىدى. 1949 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ قول سانا-
ئەت دۇكانلىرى بىلەن يەككە قول سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات
قىممىتى ئارانلا 71 مىليون 423 مىڭ يۈەنلا بولۇپ، ھەر بىر كىشىگە
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 114 يۈەندىن توغرا كېلەتتى. ئازادلىقتىن كې-
يىن، مىللىي ئەنئەنىۋى قول سانائەت تېزدىن ئەسلىگە كەلدى ۋە تە-
رەققىي قىلدى. ھازىر شىنجاڭدا مىللىي ئەنئەنىۋى قول سانائەت
كارخانىسىدىن 319 بار بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۈرۈمچى شەھ-
رى، غۇلجا شەھىرى، قەشقەر شەھىرىدىن ئىبارەت ئۈچ مىللىي ئەنئە-
نىۋى قول سانائەت ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى مەركەز
قىلغان ھالدا ھەر قايسى جايلاردىكى مىللىي ئەنئەنىۋى قول سانا-
ئەت ئىشلەپچىقىرىش تورلىرى شەكىللىنىپ، مىللىي يىپەك توقۇلما بۇ-
يۇملار، كەشتە چېكىلگەن بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك، باش كىيىم، ئا-
ياغ، ھەل بېرىلگەن گىلەم، قوي يۇڭى گىلىمى، تام گىلىمى، فار
فور، ئەينەك بۇيۇملار، ئۆي جاھازلىرى، چالغۇ ئەسۋابلار، زىننەت
بۇيۇملىرى، پىچاق ۋە باشقا مېتال بۇيۇملار قاتارلىق 13 چوڭ تۈرنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان 2 مىڭ خىلدىن ئارتۇق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقى-

رالايدىغان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 15 خىل مەھسۇلات مەملىكەت بويىچە يېتىك سانائەت سىستېمىسى بويىچە مىللىي بۇيۇملار ئىچىدە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. ئۇلار شۇ ئورۇندىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسەن قاندۇرغاندىن سىرت، يەنە ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرى بازارلىرىنى قامدايدىغان بولدى ۋە ئېكسپورت قىلىندىغان بولدى. 1990 - يىلى مىللىي ئەنئەنىۋى قول سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 291 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات قىممىتى 14 مىڭ 700 يۈەنگە، تاشقى سودا ئېكسپورتى 29 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، 1990 - يىلى، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 25 مىليارد 188 مىليون يۈەندىن 14.13 ھەسسە ئېشىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 7.27 پىرسەنتتىن ئاشقان؛ مىللىي دارامەت 20 مىليارد 495 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949 - يىلدىكى 110 مىليون يۈەندىن 21.1 ھەسسە ئاشقان.

**11. شىنجاڭنىڭ قاتناش ترانسپورتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟**

جاۋاب: 1949 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا، ئاساسەن ئات، ئېشەك قاتناش قورالى قىلىناتتى، تۈزۈكرەك بىرەر تاش يولمۇ يوق ئىدى، تۆمۈر يولدىن ئەسلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى، سانى ئانچە كۆپ بولمىغان كىرا ئاپتوموبىللىرىمۇ كونا بولغانلىقتىن، نورمال قاتنىيالمايتتى، ھاۋا قاتنىشى مۇقىمراق بولغان ئايروپورتىس پەقەت دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى)، ئىلى، قۇمۇل ئۈچ ئورۇندىلا بولۇپ، ئايروپىلان بەزىدە بار، بەزىدە يوق ئىدى، كەڭ يېزىلار، چارۋىچى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىق رايونلىرىنىڭ قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز بولغانلىقتىن، ئۇزۇن
مۇددەت دۇنيادىن خەۋەرسىز قالاتتى. ئازاد بولغان 42 يىلدىن بۇ-
يان، شىنجاڭدا دەسلەپكى قەدەمدە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھاۋا،
تاشيول، يەر ئاستى سترولۇق قاتناش ترانسپورت تورى قۇرۇلدى.
1990 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتوموبىل قاتنىغان تاشيول مۇساپىسى 25
مىڭ 400 كىلومېتىرغا يېتىپ، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان لەنجۇ - شىن-
جاڭ، چىڭخەي - شىنجاڭ، شىزاڭ - شىنجاڭ، ئۈرۈمچى - قەشقەر،
ئۈرۈمچى - ئىلى، كۈيتۈن - ئالتاي، مايتاغ - كۇچا ھەمدە جۇڭگو-
پاكىستان تاشيولىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى بۆلىكى قاتارلىق ئاسا-
سىي يول ۋە كۆپ تارماق يوللاردىن تەركىب تاپقان تاشيول تورى
ھەممە ناھىيىدە تاشيول بار، يېزا - يېزىلارغا ئاپتوموبىل قاتنايدى-
غان ھالەت شەكىللەندى. تاشيوللارنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ياخشى-
لىنىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك، ئىككىنچى دەرىجىلىك تاشيوللارنىڭ بو-
زى ئاپتوموبىل قاتنىغان تاشيول مۇساپىسىنىڭ 49.4 پىرسەنتىنى ئىگە-
لىدى. 1962 - يىلى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ لەنجۇ - ئۈرۈمچى
بۆلىكىدە پويىز قاتنىغاندىن كېيىن، يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جە-
نۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ تۇرپاندىن كورلىغىچە بولغان بۆلىكى،
لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە بولغان
بۆلىكى ياسىلىپ، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق ئىككىنچى كۆۋرۈ-
كى قۇرۇلدى. شىنجاڭ تەۋەسىدە 1713 كىلومېتىر تۆمۈر يول بار. ھا-
زىر پۈتكەن نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولى 739.95 كىلومېتىر، يىللىق
نېفىت يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 12 مىليون 650 توننىغا يەتتى. خەلق ھا-
ۋا قاتنىشى ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، چېڭدۇ، شى-
ئەن، لەنجۇ، دۇنخۇاڭ، خاڭجۇ، ۋېنجۇ، خاربىن، شېنياڭ، دال-
يەن، فۇجۇ، شيامېن، جېنجۇ، لوياڭ ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى
12 شەھەردىن ئىبارەت دۆلەت ئىچى ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى

يىلارغا قاتنايدىغان ھەمدە ئۈرۈمچىدىن ئالماتاغا، بېيجىڭدىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىستانبۇلغا، شەرجەھقە قاتنايدىغان خەلقئارالىق ھاۋا يوللىرى بار. 1985 - يىلى شىنجاڭ ھاۋا قاتنىشى شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئايروپىلاننىڭ سودا ئومۇمىي تونناژى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، 1990 - يىلى قاتناش مۇساپىسى 36 مىڭ 500 كىلومېتىرغا يەتتى. ئۈرۈمچى ئايرودرومى جۇڭگودىكى بەش چوڭ ئايروپورتنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭگونىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقىغا قاتنايدىغان ھاۋا يولىنىڭ ۋە شىنجاڭ خەلق ھاۋا قاتنىشىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالدى.

**45. شىنجاڭنىڭ پوچتا - تېلېگراف، ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟**

**جاۋاب:** ئازادلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭنىڭ پوچتا - تېلېگراف، ئالاقە ئىشلىرى ناھايىتى قالاق ئىدى. 1949 - يىلغىچە چېگرا ئىچىدىكى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىندا، ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، ناچار پوچتىخانىدىن 26 سى، تېلېگراف ئىدارىسىدىن 16 سى، پوچتا ئورنىدىن 13 ى ۋە پوچتا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنىدىن 72 سى بولۇپ، كۆپ سانلىق ناھىيىلەردە مەخسۇس پوچتا ئاپپاراتلىرى يوق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغىچە بولغان 620 كىلومېتىر ئارىلىقتا ھەپتىسىگە بىر نۆۋەت قاتنايدىغان پوچتا ماشىنىسى بولغاندىن سىرت، باشقا ھەر قايسى جايلاردا خەت - پوسۇلكىلار پۈتۈنلەي ئات، ئېشەك، تۆگىلەر بىلەن ياكى پىيادە يەتكۈزۈلەتتى. شۇڭا پوچتا كەسپى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئېشەك، ئات پوچتىسى، تۆگە تېلېگراممىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى، پوچتا ئو-

www.uyghurkitap.com

رۇنلىرى 1317 گە يېتىپ، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەت-
گېزىت يەتكۈزۈش ئورنى 4000 دىن ئاشتى. پوچتا لىنىيىلىرىنىڭ يەك-
كە مۇساپىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 65 مىڭ كىلومېتىرغا، پوچتا-تې-
لېگراف ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 19 مىڭ 200 گە يې-
تىپ، يىللىق پوچتا-تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 103 مىل-
يون يۈەنگە يەتتى. ئەنئەنىۋى كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بە-
لەن بىر ۋاقىتتا، تېز يوللانما، پەۋقۇلئاددە تېز يوللانما، سىمسىز
خەۋەرلىشىش، پوچتا ئامانىتى قاتارلىق يېڭى كەسپلەرنى يولغا
قويدى ھەمدە پوچتا نومۇرى ئىشلىتىشنى قەدەمگە بۆلۈپ ئومۇملاش-
تۇردى. تېلېگراف ئالاقە ئىقتىدارىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ، ئۇزۇن
يوللۇق كومموتاتور، قىسقا دولقۇنلۇق سىمسىز سىگنال تارقىتىش
ئاپپاراتى ۋە فوتوگرافىيىلىك تېلېگرامما ئاپپاراتى قاتارلىقلارنى
سەپلەپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، خوتەن، كۇچا قاتارلىق
جايلاردا ئالاقە سۈنئىي ھەمراھىنىڭ يەر ئۈستى قوبۇل قىلىش پونكى-
تى بىلەن ئۈرۈمچى-تۇرپان كابېللىق ئالاقە قۇرۇلۇشى كەينى-كەي-
نىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۈرۈمچىدىكى 500 يوللۇق ئۇزۇن يول-
لۇق ئاپتوماتىك كومموتاتور ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.
جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غول يوللۇق سانلىق مىكرو دولقۇن
قۇرۇلۇشى قۇرۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئاپتونوم رايوندىكى
11 شەھەر بىرىنچى تۈركۈمدە مەملىكەتلىك ئاپتوماتىك تېلېفون تور-
غا كىرىپ. باشقا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ناھىيە (شەھەر) لەر رايون
ئىچىدە ئاپتوماتىك تېلېفونلارنى ئورناتتى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئىچى-
دىكى ئاپتوماتىك تېلېفون كومموتاتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى
110 مىڭغا، تېلېگراف، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 1300 دىن كۆپرەككە
يېتىپ، رايون ئىچىدىكى، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەممە شەھەرلەر ھەم-
دە دۇنيادىكى 100 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن بىۋاسىتە تېلېگ-

راق، تېلېفون ئالاقىسى قىلالايدىغان بولدى.

ھازىر، شىنجاڭ مۇئەييەن زامانىۋى تېخنىكا مۇلازىمەت سەۋىيە-سىدىكى ئۇرۇمچىنى مەركەز قىلغان پوچتا - تېلېگراف تورىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۇردى، بۇ شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشى، تەرەققىيات قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

46. **شىنجاڭنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟**

**جاۋاب:** 1949 - يىلى شىنجاڭدا ئۇرۇمچىدىن ئىبارەت بىرلا شەھەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى ئون كۋادرات كىلومېتىرغا يەتمەيتتى. ئاھالىسى ئارانلا 100 مىڭدىن ئاشاتتى، شەھەرنىڭ قىياپىتى كۆرۈمسىز، ۋەيرانە بولۇپ، شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئاممىۋى ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن قالاق ئىدى. «شامال چىقمىغان كۈنلىرى تېزغىچە توپا، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى ئوشۇققىچە پاتقاق؛ پاسكىنا سۇلار پارغا ئايلىنىپ كېتىش، ئەخلەت - چاۋالار شامالدا ئۇچۇپ كېتىش» مانا بۇ ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ شەھەر ئەھۋالىنىڭ ھەقىقىي سۈرەتلىنىشى ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ كونا شەھەرنىڭ قىياپىتى يېڭىلىنىپلا قالماي، بەلكى بىر تۈركۈم يېڭى شەھەرلەر تەدرىجىي بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. شەھەرنىڭ پىلانلىنىش قۇرۇلۇشى، باشقۇرۇلۇشى زامانىۋىلىشىش بىلەن مىللىيلاشتۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن فاڭجېنغا ئاساسەن، پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق قانات يايدۇرۇلۇپ، شەھەرلىشىش سەۋىيىسى رور دەرىجىدە ئۇستى. ھازىر 16 شەھەر، 71 ناھىيە بازىرى، 126 تەشكىلىي تۈزۈلۈشىدىكى بازار قۇرۇلۇپ، ھەر بىر شەھەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى كۆنسايىن مۇكەممەللىشىپ، ئورمۇش مۇلازىمىتى ۋە مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى كۆنسايىن نولۇقلىنىپ

ئۆزگىچە تۇسكە ئىگە بولدى. ئۈرۈمچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر مەركىزى بولۇپ قالدى؛ تارىخىي، مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر، قەشقەر شەھىرى قويۇق ئۇيغۇر قۇرۇلۇش تۇسىگە ئىگە؛ كورلا شەھىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى ۋە ماددىي ئەشيالارنى تارقىتىش ئورنىغا ئايلىنىپ قالدى؛ چۆلدىكى گۆھەر — شىخەنزە شەھىرى بىلەن كۇيتۇن شەھىرى شىنجاڭ يېڭى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى؛ شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى — قۇمۇل شەھىرى. ئۈزۈمزارلىق — تۇرپان شەھىرى، چېگرىدىكى گۈلىستان شەھەر — غۇلجا شەھىرى بىلەن چۆچەك شەھىرى، چارۋىچىلىق رايونىدىكى باغلىق شەھەر ئالتاي شەھىرى، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى خوتەن شەھىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەر — ئاقسۇ شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى سانجى شەھىرى، بۇرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بۇرتالا شەھىرى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ مەركىزى ئاتۇش شەھىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا

17. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ئەھۋالى قانداق؟

جاۋاب: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى. مول مىللىي تۇسكە ئىگە چېگرا شەھەر. چىڭ دەۋرىدىن باشلاپ شەھەر بولۇپ قۇرۇلۇپ، چيەنلۇڭ يىللىرىدا «دىخۇا» دەپ ئاتالدى. 1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆلكە مەركىزى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن، دىخۇا دېگەن ئىسىم ئۈرۈمچىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققى-

ياتقا ئەگىشىپ، شەھەر رايونى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 50 - يىللار-
دىن 70 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگىچە سۇ ئامبىرى، كەلكۈن-
دىن مۇداپىئە كۆرۈش سۇ ئامبىرىدىن بەشى ياسالدى. يەنە تىنچلىق
يولى، غالىبىيەت يولى، ئازادلىق يولى، نۇرلۇق يولى، شىنخۇا يو-
لى، خېلۇڭجياڭ يولى، ئىتتىپاق يولى، دوستلۇق يولى، بېيجىڭ
يولى، چوڭ كۆۋرۈك يولى قاتارلىق ئاساسلىق يوللار ۋە خەلق مەي-
دانى، خەلق تىياتىرى، ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى، مۇزېيى، كۇ-
تۇپخانا، كۆرگەزمە، كوئىنلۇن مېھمانخانىسى ۋە پويىز ئىستانسىسى
كۈتۈش زالى، شۇنداقلا شىنجاڭ داشۆ، «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئە-
گىلىك شۆيۈەنى، سانائەت شۆيۈەنى، مېدىتسىنا شۆيۈەنى، مالىيە
شۆيۈەنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تەتقى-
قات ۋە ئوقۇتۇش بىناسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار سېلىندى ھەمدە ئا-
زادلىقتىن بۇرۇنقى 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجى-
رىش ئورنى، ماۋزېمىننىڭ تۇرغان جايى قاتارلىق خاتىرە ئورۇنلار
رېمونت قىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېھتىرام بىلدۈرۈشىگە ئېچىۋې-
تىلدى. 1979 - يىلدىن بۇيان، كوچا ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش، پاس-
كىنا سۇلارنى چىقىرىش يەر ئاستى يوللىرى رېمونت قىلىندى ۋە ئۆز-
گەرتىپ ياسالدى. يەنە خەلق يولى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى، غەربىي چە-
قىش ئېغىزىدىكى ئۆتۈشمە كۆۋرۈك، خەلق مەيدانى، تېلېگراف بىنا-
سى، پويىز بېكىتى، يولۇچىلار ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ كۈتۈش بىنا-
سى، رايونلارغا بۆلۈنگەن پار بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ۋە بىر تۈر-
كۈم ھەر خىل ئاھالىلەر ئولتۇراق بىناسى، بەش باغچا، شىنجاڭ
خەلق سارىيى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسى، ئاپتونوم را-
يونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى،
گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىخانىسى، تەنتەربىيە سارى-
يى ۋە تەنتەربىيە مەيدانى، ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى ۋە دوستلۇق

ماگىزىنى، داشىزى ماگىزىنى، شىنجاڭ تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى قاتارلىق سودا بىنالىرى ھەم مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى، دوستلۇق مېھمانخانىسى، يەر شارى مېھمانخانىسى، شىنجاڭ ئىستىراھەت مېھ-مانخانىسى قاتارلىق مېھمانخانىلار سېلىندى، يەنە بىر قىسىم كونا شەھەر رايونىدىكى خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلەر ئۆزگەرتىلدى. قاتار-قاتار مىللىي ئۇسلۇبتىكى زامانىۋى بىنالار شەھەر رايونىدىكى كو-چىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەد كۆتۈردى.

ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق يەتتە رايون، بىر ناھىيە (تيانشان رايونى، سايباغ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى، شۈيموگۇ رايونى، تۇدۇڭخې رايونى، جەنۇبىي كان رايونى، دۇڭشەن رايو-نى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسى) بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىڭ 441 كۋادرات كىلومېتر، جۈملىدىن شەھەر رايونى 63.5 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ، 1949 - يىلدىكىدىن 5.7 ھەسسە ئاشتى؛ 1990 - يىلى پۈتۈن شەھەرنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى بىر مىليون 380 مىڭغا يەت-تى. جۈملىدىن شەھەر رايونىنىڭ ئاھالىسى 1 مىليون 156 مىڭ 900 گە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 10 ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى. شە-ھەر ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف، ئالاقە ئىشلىرى تەرەپ - تەرەپكە تۇ-تاشتى؛ ھەر خىل قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 31 مىليون 100 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ جاينىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىليون 340 كۋادرات مېتر بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرى-چە توغرا كېلىدىغان كۆلىمى 297.29 كۋادرات مېترغا يەتتى؛ شەھەر رايونىدىكى كۆكەرتىلگەن ئورۇن 1266 گېكتارغا يېتىپ، كۆكەرتىش نىسبىتى 21.8 پىرسەنتكە يەتتى. پولات - تۆمۈر، كۆمۈر، ئېلېكتر، توقۇمىچىلىق، ئېلېكترون، ماشىنىسازلىق، نېفىت - خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، دورا، قەغەزچىلىك، باسمىچىلىق، كىيىم -

ئېچەك، خورۇم پىششىقلاپ ئىشلەش، رەڭلىك مېتال تاۋلاش، تۇز-
چىلىق، يېمەكلىك قاتارلىق كەسىپلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان يېنىك-
ئېغىر سانائەتلەر بىر قەدەر ماسلاشقان ھالدا سانائەت سىستېمىسى
دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، مۇستەقىل پەن تەتقىقات يۇرتى
ئورنىدىن 54، ئالىي مەكتەپلەردىن 13، ئوتتۇرا مەكتەپتىن 180،
باشلانغۇچ مەكتەپتىن 262، ھەر خىل سەھىيە - داۋالاش ئاپپاراتلى-
رىدىن 681 ى بارلىققا كەلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىسادى گۈللەنگەن، پەن - تېخنىكىسى را-
ۋاجلانغان، تۇرمۇشتا قولايلىق، مۇھىتى گۈزەل، مىللىي تۈسكە ئىگە
زامانىۋى شەھەر بولۇپ تەدرىجىي قۇرۇلماقتا.

**48. شىنجاڭ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە قانداق ئەۋ-
زەللىكلەرگە ئىگە؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە نۇرغۇن پاي-
دىلىق شەرتلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە نۇرغۇن تەرەپ-
لەردە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

بىرىنچى، يېرى كەڭ، بايلىقى مول، پايانسىز زېمىن ۋە
يايلاقلار، بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان بوستانلىقنىڭ سۇغىرىش سىس-
تېمىسى، بىر قەدەر يۇقىرى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش مەشغۇلات
سەۋىيىسىگە ھەمدە كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈن-
دۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بو-
لۇپ، ئاشلىق، پاختا، قىزىلچا، مايلىق دان، مېۋە - چېۋە قاتارلىق
كۆپ خىل زىرائەتلەرنى تېرىش ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-
قا ناھايىتى پايدىلىق شەرت - شارائىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. كان
بايلىقلىرى ئىنتايىن مول، تۈرى يۈرۈشلۈك، تولۇق. بايقالغان 13
تۈردىكى 122 خىل كان مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە بايقالغان كان
مەھسۇلات تۈرلىرىنىڭ 81.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە

قېدىرىپ بايقالغان زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇ-
رىدىغانلاردىن سەككىز خىلى بار، بولۇپمۇ نېفىت، تەبىئىي گاز،
كۆمۈر، تۇز، سېلىترا، خرومىت، ئالتۇن، رەڭلىك مېتال، ئاز ئۇچ-
رايدىغان مېتاللار، غەيرىي مېتال قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئې-
چىلىش مەنزىرىسى ئىنتايىن ياخشى. بۇ شىنجاڭنى جۇڭگودىكى مۇ-
ھىم نېفىت شۇنىڭدەك نېفىت - خىمىيە سانائىتى بازىسى، كۆمۈر باز-
سى، قىممەتلىك مېتاللار، ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار ۋە رەڭلىك مې-
تاللار بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى باي ماددىي ئاساس بىلەن تە-
مىنلەيدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى،
ھەر خىل تەبىئىي شارائىت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
شىنجاڭ يەنە قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بۆلىكى بولغانلىقى،
جۇڭگو ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكىشى، مەشھۇر ئاسار - ئەتىقىلەر-
نىڭ كۆپلۈكى ھەمدە ئاجايىپ كۆركەم قۇملۇق، مۇزلۇق، قارلىق
چوققا ۋە كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان كۆل، دەريا، يايلاق قاتار-
لىق خىلمۇ خىل تەبىئىي مەنزىرىلەر ساياھەتچىلىك كەسپىنى راۋاجلان-
دۇرۇشتا كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە.

ئىككىنچى، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئەۋزەل. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ
غەربىي شىمال چېگرىسىغا، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوت-
تۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربكە ئېچىۋېتىش جۇغراپىيىلىك ئەۋ-
زەللىككە ئىگە. بولۇپمۇ ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى
تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇش قۇرۇ-
لۇشى ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ
بەردى.

ئۈچىنچى، سىياسەت ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگى-
لىك ۋە ئېنېرگىيە، قاتناش، خام ماتېرىياللار سانائىتىنى زور كۈچ بە-
لەن راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت كەسپلەر سىياسىتى بىلەن ئىشلەپچە-

قىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەشنى بەلگىلىشى شىن-
جاڭنىڭ بايلىق يوشۇرۇن ئەۋزەللىكىنى رېئال ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك-
كە ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق. بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ نېفىت سانائىتىنىڭ
«شەرق قىسمىدىكى رايونلارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، غەربىي قىسمىدىكى
رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى بويىچە كۈچنى مەركەزلەشتۈ-
رۈپ تارىمنى مۇھىم نۇقتا قىلغان غەربىي قىسىم رايوندىكى نېفىت -
گاز بايلىقىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشنى كۈچەيتىش»نى
قوللاشنى بەلگىلىشى شىنجاڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى-
دىكى رايونلارغا ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەش،
شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ياخ-
شى پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

تۆتىنچى، جەمئىيەت، سىياسەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق. مە-
لۇم ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا ئەمەلىي كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، شىنجاڭ-
نى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي
مۇھىت ۋە بىر قەدەر كۈچلۈك ئىقتىسادىي تېخنىكا ئاساسى بىلەن تە-
مىن ئەتتى.

**49. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، قانداق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-
رىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» بىلەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىل-
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنىڭ بەل-
گىلىمىلىرىگە ئاساسەن، مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭدا بىر قاتار
ئالاھىدە سىياسەتلەر ۋە چارە - تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. ھەر قاي-
سى ئىقتىسادىي ساھەلەردە سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىپ، شىنجاڭنىڭ
يەرلىك ئىقتىسادى بىلەن كارخانىلارنىڭ ئىچكى ھاياتىي كۈچى ۋە

تەرەققىيات ئارقا كۆچىنى ئاشۇردى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، مە-
سئولاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈ-
زۈمى بىلەن «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن
قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى، چار-
ۋىچىلىق جەھەتتە، چارۋىلارنى باھاغا سۇندۇرۇپ چارۋىچىلارغا بې-
رىپ، ئوتلاقنى كۆتۈرىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن «بەشنى
بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگى-
لىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. تۇرمۇشى نامرات دېھ-
قان، چارۋىچىلاردىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى ئازايتىپ ئېلىن-
دى ۋە كۆتۈرۈۋېتىلدى. كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش جە-
ھەتتە، «كەسپىي ئاساسى كۆچكە تايىنىپ، ئىجتىمائىي ئاساسنى
ئاساس قىلىش، بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش»
فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، مەركەزدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تار-
ماقلار بىلەن جايلار زور كۈچ بىلەن ماسلىشىپ، ئۆزئارا قوللاپ،
بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىش يولىغا ماڭدى. سودا - سانائەت جەھەت-
تە، مىللىي قول سانائەت بىلەن مىللىي سودىنى قوللاش، كوللېكتىپ،
يەككە سودا - سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىلدى.
قاتناش - ترانسپورت كەسپى بىلەن قۇرۇلۇش كەسپى جەھەتتە، مەر-
كەزدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار بىلەن جايلار بىرلىشىپ
مەبلەغ سېلىپ شىنجاڭ ھاۋا قاتنىشى شىركىتى، شىمالىي شىنجاڭ تۆ-
مۈر يول شىركىتى بىلەن تىجارەت قىلىپ، كوللېكتىپ، يەككە ترانس-
پورت كەسپى ۋە قۇرۇلۇش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رىغبەتلەندۈ-
رۈلدى. دۆلەت شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ۋە ئىقتىساد، تېخنىكا ھەم-
كارلىقى جەھەتتە، يەنە ئالاھىدە قولايلىق يارىتىپ بەردى ۋە ئېتىبار
بەردى. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر خىل ئىم-
پورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىغا تارقىتىش ھوقۇقى بېرىلدى، يەرلىك

چېگرا سودىسىدىن ئاپقان تاشقى پېرېۋوتنىڭ 50 پىرسەنتىنى مەركى-
زىي مالىيىگە تاپشۇرۇپ، 50 پىرسەنتىنى جايلار ئۆزى ئېلىپ قالدى؛
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەم ئۇلارغا قاراشلىق كارخانىلار
مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، موڭغۇلىيە، پاكىستان قاتارلىق
قوشنا دۆلەتلەرنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ھەم ئۇلارغا قا-
راشلىق كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە چېگرا سودىسى قاتارلىق
ئىقتىسادىي ئالاقىلارنى قانات يايدۇردى؛ جۇڭگو - پاكىستان چېگ-
رىسىغا جايلاشقان قونجىراپ ئېغىزى، 1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 -
كۈنىدىن باشلاپ ئۈچىنچى دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى. مۇشۇ ئاساستا
1989 - يىلى، 1992 - يىلى دۆلەت يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ،
شىنجاڭغا كۆپ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەرگەچكە شىن-
جاڭنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش
ھوقۇقى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىلىپ، ماددىي جەھەتتىن
زور قوللاشقا ئېرىشىپ، شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش سۈرئىتىنى
تېزلەتتى.

**50. دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قايسى جەھەتلەردىن يار - يۆلەك بولدى ۋە ياردەم بەردى؟**

**جاۋاب:** 1949 - يىلدىن بۇيان، مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە سىياسەت قوللانغاندىن سىرت، يەنە باشقا تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەرنى ئەقلىي كۈچ، ماددىي كۈچ، مەبلەغ، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىن زور كۈچ بىلەن يار - يۆلەك بولۇشقا ۋە ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئومۇملاشتۇ-
رۇپ ئېيتقاندا ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە:

**مالىيە ياردىمى:** 1950 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ يەرلىك مالىيىسىگە 29 مىليارد 600 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ياردەم بې-
رىلگەن. ھەر يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مالىيىسىگە نورمىلىق مۇقىم يار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەم بېرىلىدۇ. مەسىلەن، 1988 - يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى بېرىلگەن مۇقىم ياردەم 1 مىليارد 529 مىليون يۈەن بولدى.

**قۇرۇلۇش مەبلىغى:** 1950 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 41 مىليارد 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ شۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ 2.08 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ.

**مەخسۇس ياردەم:** مالىيە ياردىمى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغدىن باشقا، گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى يەنە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كۆپ خىل مەخسۇس ياردەم بەردى. 1979 - يىلدىن 1990 - يىلغىچىلا بولغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ خىل ياردەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 800 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

**باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش:** تۇرمۇشى نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى ھەمدە 1980 - يىلدىن باشلاپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، توختام بويىچە سېتىۋېلىش بىلەن دۆلەت سېتىۋېلىش يولىغا قويۇلدى؛ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، دېھقان، چارۋىچىلار ئارتۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى. مەلۇم قەرەل ئىچىدە شەھەر، يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك قىلىدىغان كارخانىلار بىلەن يەككە قول سانائەت، ئۇششاق سودىگەرلەردىن سودا - سانائەت بېجى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىندى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ شەخسى ۋە كوللېكتىپ ھالدا شەھەرگە ئەكىلىپ ساتقان ياكى ئالماشتۇرغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە ئىشلەپچىقى-

رىش ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرىدىن بىردەك باج ئېلىنمىدى. بۇنىڭ-
دىن سىرت، مىللىي سودىغا يەنە باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش
قاتارلىق ئۈچ خىل ئېتىبار بېرىش سىياستى يولغا قويۇلدى.

**ماددىي ياردەم**: ھەر يىلى شىنجاڭغا زور مىقداردا ئۆز جايلىرى-
دا ئىشلەپ چىقىرىلمايدىغان ياكى ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيدىغان ماد-
دىي ئەشيالار يۆتكەپ كېلىندى. مەسىلەن، 1990 - يىلى ئىچكى
جايلاردىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي سومما-
سى 1 مىليارد 471 مىليون يۈەنگەن يېتىدۇ.

**ئەقلىي ياردەم**: شىنجاڭنىڭ ئۆز رايونىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇ-
را ۋە ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن
ياردەم بېرىلگەندىن سىرت، يەنە شىنجاڭدىكى زور بىر تۈركۈمدىكى
ھەر مىللەت ياشلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردە ياكى چەت ئەلدىكى ئالىي
مەكتەپلەردە ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە ئىچكىرىدىكى ئۆلكە،
شەھەرلەردىكى بىر قىسىم نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە شىنجاڭ سىنىپ-
لىرى ۋە ئاسپىرانتلارنى ۋەكالىتەن تەربىيلەش كۇرسلىرى تەسىس قى-
لىندى؛50- يىللاردىلا داۋالاش تەترىتى تەشكىللەپ تىيانشاننىڭ
جەنۇب ۋە شىمالىغا بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ھەقسىز داۋالاپ،
كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىپلا قالماي، بەلكى سەھىيە مەخسۇس خىراجى-
تى، دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ ئاجرىتىپ،
ئىچكىرىدىكى شەھەرلەردىن زور تۈركۈمدىكى داۋالاش - سەھىيە مۇ-
تەخەسسىسلىرى شىنجاڭغا ھەر مىللەت تىببىي خادىملىرىنى يېتىشتۈ-
رۈشكە ئەۋەتىلىپ، شىنجاڭدا ھەر دەرىجىلىك داۋالاش - سەھىيە
ئىشلىرىنى داۋاملىق قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىل-
دى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىن 60 - يىللارغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكا-
دېمىيىسى قاتارلىق مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىن بو-
لۇپ مىڭغا يېقىن پەن - تېخنىكا خادىمىنى شىنجاڭغا گېئولوگىيىلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جۇغراپىيىلىك ، بايلىقلارنى ئوقتىلىق تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىش ھەمدە شىنجاڭ ئۈچۈن بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيەلەپ بېرىش ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى قاتارلىق تۈرلۈك پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن تېخنىكا مۇلازىمىتىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ بېرىش ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە ئىچكىرىدىكى بىر قىسىم ئۆلكە ، شەھەرلەردىن 10 مىڭلىغان تېخنىك خادىملار بىلەن زىيالىي ياشلار شىنجاڭغا بېرىپ چېگرىغا ياردەم بېرىش بەلگىلەندى ؛ 80 - يىللارغا كەلگەندە ، يەنە شىنجاڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى ۋە كارخانىلاردىكى كەسپىي تېخنىك خادىملار قارار ، تۈركۈم بويىچە ئىچكىرىدىكى كەسپلەر بويىچە ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە ، شەھەرلەرگە بېرىپ خىزمەت ئۆتەپ ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى . جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ، دۆلەت پىلان كومىتېتى قاتارلىق مىنىستىرلىك ، كومىتېتلار يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كۆپ خىل پەن مۇتەخەسسىسلىرىنى شىنجاڭدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملار بىلەن بىللە مۇددىتى توت يىل بولغان «شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش» مەركىزىي تېما قىلىنغان كەڭ كۆلەمدىكى ئۈنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش تەتقىقات خىزمىتىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى ، شۇنداقلا شىنجاڭ نېفىت - تەبىئىي گاز بايلىقىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش ، رەڭلىك مېتال نۇقتىلىرى نىشان قىلىنغان رايونلاردىكى ئۈنىۋېرسال تېخنىكىسى قاتارلىق نۇقتىلىق تېما سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنىپ ، شىنجاڭنى يەنىمۇ پىلانلىق كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە قۇرۇش ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى .

**51 . دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە ، كان بايلىقلىرىنى ئاچقاندا شۇ جاينىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە قانداق ئېتىبار بەردى ؟**

**جاۋاب :** جۇڭگودا ، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتى بىردەك . تۈرلۈك بايلىقلارنى پىلانلىق ، قەدەم - باسقۇچلۇق ھال-

دا مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئىشلىتىش دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق،
بولۇپلا قالماستىن، جايلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلقنىڭ بېيىشى
ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

1949 - يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەۋ-
زەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى مۇۋاپىق
بىرلەشتۈرۈش، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادى قالاق بولۇش ھالىتى-
نى تەدرىجىي ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتى بىلەن ماسلاشتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق
گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، دۆلەت شىنجاڭنىڭ
ئېنېرگىيە، كان بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەر-
يانىدا، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئورۇن بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
مەنپەئىتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىلدى.

(1) مەبلەغ سېلىش بىلەن مەھسۇلات، باج، پايدىلارنى تەق-
سىم قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىش جەھەتتە، ھازىرغا قەدەر شىنجاڭنىڭ نې-
فىت، رەڭلىك مېتال، كۆمۈر قاتارلىق ئېنېرگىيە، كان بايلىقلىرىنى
قېدىرىپ تەكشۈرۈشكە ۋە ئېچىشقا كېتىدىغان مەبلەغنىڭ مۇتلەق كۆپ
سانىنى دۆلەت ئۈستىگە ئالغان. لېكىن دۆلەت شىنجاڭغا مەبلەغ سې-
لىپ ئېنېرگىيە، كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشتا ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ
رايون ئىچىدىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇنىڭ-
دىن كېيىن ئارتۇق قىسمىنى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تەڭ باھا-
دا ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئىچكى ئۆلكە، رايونلارغا يۆتكە-
دى؛ باج ئېلىشتا شىنجاڭ يەرلىك ئورۇنلارغا ئېتىبار بەردى. مەس-
لەن، قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن نېفىت ئېلىش، تاۋلاش، ئاي-
رىش كارخانىلىرىنىڭ مەبلىغىنى پۈتۈنلەي دۆلەت ئۈستىگە ئېلىپ، دۆ-
لەت نېفىت ئېلىش، تاۋلاش، ئايرىش كارخانىلىرىدىن ئالغان باج-

www.uyghurkitap.com

نىڭ 30 پىرسەنتىنى يەنە يەرلىك مالىيىگە قالدۇردى. ئۈرۈمچى نېفت-خىمىيە باش زاۋۇتىدىن ئېلىنىدىغان باجغا مەركەز مالىيىسى بىلەن شىنجاڭ يەرلىك مالىيىسى بەشتە بەش ئۈلۈشتىن ئېلىشتەك ئېتىبار بې-رىش سىياسىتىنى قوللاندى.

(2) ئىختىساسلىق خادىملارنى قوبۇل قىلىش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان خادىملارنى ئالدىن قوبۇل قى-لىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدا شۇ تۇرۇندىكى مىللەتلەر ئىچىدىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، ھەر خىل كەسپىي ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى زور مىقداردا يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قوشۇنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ زورايدى.

(3) شىنجاڭنىڭ ئالاقىدار كەسپلىرىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە يې-تەكلىدى، بولۇپمۇ قاتناش - ترانسپورت، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق، بىناكارلىق ۋە ئۈچىنچى كەسپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىل-گىرى سۈردى. دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك كارخانىلىرى شۇ تۇرۇندىكى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى يېتەكلەش مەجبۇرىيىتى بار.

(4) يەرلىك سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ھەمدە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەھەتتە كۆپ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ نېفت باشقۇرۇش ئىدار-سى بىلەن رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى، ئېلېكتر سانائىتى ئىدا-رىسى، گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى، گېئولوگىيە - كان مىنىستىرلىكىنىڭ غەربىي شىمال نېفت - گېئولوگىيە ئىدارىسى قاتار-لىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك ئورۇنلار بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن كۆ-ڭۈل بۆلۈپ كەلدى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1986 - يىلدىن باشلاپ،

ئايرىم - ئايرىم ھالدا تولى ناھىيىسى، ئاقچى ناھىيىسى. كەلپىن ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا نۇقتىلىق ئالاقە قىلىش، كەسىلەر بويىچە ياردەم بېرىش، نامراتلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە نامرات رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

(5) رەھبەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتە سىستېمىلار بويىچە بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، رايون بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

**52. دۆلەت شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا نىسبەتەن قانداق تەسەۋۋۇرلاردا بولۇۋاتىدۇ؟ قانداق مۇھىم قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى؟**

**جاۋاب:** دۆلەت تارىختىن بۇيان شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئەزەلدىن ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى ۋە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 1991 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق ئومۇمىي پىلانى ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ پروگراممىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پروگرامما» دەپ ئېلىنىدۇ) دا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە سىياسەتلىرى مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەندى: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىقىنى ئېچىشنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، مىل-

لىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادى نىسپىي قالاق بولغان ھالەتنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، شۇ رايونلارنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قارىتىلغان تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تېزرەك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. «پروگرامما»دا يەنە شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەسىلەن، كۈچنى توپلاپ تارىم مۇھىم نۇقتا قىلىنغان غەربىي رايوننىڭ نېفىت-گاز بايلىقلىرىنى چارلاش ۋە ئېچىشنى كۈچەيتىش؛ لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش رېلىسلىق قىلىش قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق تۇتۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى ئۇزارتىش؛ قىزىلچا، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش؛ شىنجاڭ كۆمۈرلۈكىنى ئېچىش؛ 140 مىڭ تونىلىق ئېتىلىن قۇرۇلۇشىنى قۇرۇش قاتارلىقلار. بۇ نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «پروگرامما»دا يەنە مىللىي رايونلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك كونكرېت سىياسەتلەر بەلگىلەندى. مەسىلەن، ئوتلاق، چارۋىچىلىق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش؛ تاشيول ۋە خەلق ھاۋا قاتنىشى قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ مىللىي سودىغا بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ مىللىي سودىنى ياخشىلاش؛ قۇرۇقلۇق چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ تاشقى سودا بىلەن چېگرا سودىسىنى پائال قانات يايدۇرۇش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن-مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى تىرىشىپ

ئومۇملاشتۇرۇش، چوڭلار مائارىپى بىلەن كەسپىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە تەتبىق قىلىنىدىغان پەن - تېخنىكىلارنى ئۈلگە كۆرسىتىش - كېڭەيتىش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىش؛ رادىئو - تېلېۋىزىيەنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە زىيالىيلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش؛ مىللىي تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئاممىنىڭ داۋالىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا، يەنە نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار- يۆلەك بولۇش ۋە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت كونكرېت سىياسەتلەرنى بېكىتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ئىلگىرى سۈرۈش مۇھىم رولىغا ئىگە.

**53. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسى نېمە؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا تەستىقلانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق ئومۇمىي پىلانى ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ پروگراممىسى»دا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسى مۇنداق بەلگىلەندى: ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى، قۇرۇلمىلارنى سەرخىللاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا 1980 - يىلدىكى-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

دىن ئىككى يېرىم قاتلاپ ، 28 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ ( 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا ، تۆۋەندە ئوخشاش ئېلىندى ) ئون يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.3 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇش ؛ سانائەت ، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 12 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ ، ئون يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.6 پىرسەنتتىن ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى بەش پىرسەنتتىن ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 8.9 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇش ؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ؛ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ ، كېيىنكى ئەسىرنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەرەققىيات قۇرۇلۇشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلاشتىن ئىبارەت . ئاساسلىق ۋەزىپىسى :

( 1 ) كەسپلەر تۈزۈلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش . يېزا ئىگىلىكى ، ئېنېرگىيە ، قاتناش ، پوچتا - تېلېگراف ، مۇھىم خام ئەشيا قاتارلىق ئاساس خاراكتېرلىك كەسپلەرنى ۋە ئاساس خاراكتېرلىك ئەسلىھەلەرنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ ، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى ئۆستۈرۈش ، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ، بىناكارلىق ئىشلىرىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئۈچىنچى كەسىپنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، كەسپلەر قۇرۇلمىسىنى لايىقلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش .

( 2 ) سۇ ، تۇپراقنى پايدىلىنىش ۋە نېفىت ئېچىشنى يېتەكچى قىلىپ ، ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدىكى يېزا ئىگىلىك ، چارۋىچىلىق ( ئاشلىق ، پاختا ، شېكەر ، چارۋا ) بازىلىرى ، نېفىت ۋە نېفىت - خىمىيە بازىلىرى ، يېنىك سانائەت ، توقۇمىچىلىق ۋە يېمەكلىك سانائىتى بازىلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ ، ئالتۇن ۋە رەڭلىك مېتال سانائىتى ، تۇز ۋە تۇز - خىمىيە سانائىتى ، كۆمۈر سانائىتى زاپىسى بازىلىرىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىپ ، XIX ئەسىردە شىنجاڭ ئىقتىسادى-

نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشى ئۈچۈن پۇختا ماددىي تېخنىكىلىق ئاساس سېلىش.

(3) «ئوتتۇرا قىسمىغا تايىنىش، جەنۇبقا بېرىش، غەربكە چېرىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇش» ئورۇنلاشتۇرۇش ستراتېگىيىسى بويىچە، نۇقتىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئورۇنلىرى، نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رايون ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاپ، پۈتۈن رايوندىكى بايلىقلارنىڭ ئوبدان سەپلىنىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ ئوبدان بىرىكىشىنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

(4) مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش»نى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئاساسەن پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىغا تەدرىجىي سېلىش.

(5) شىنجاڭنىڭ يەر ۋە بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش بىلەن توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

(6) ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال يۈرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بىلەن مېخانىزمنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇش.

(7) ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش. ھازىر ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن ئاز ساندىكى رايونلارنىڭ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش؛ كىيىم - كېچەكى پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سنى ئاساسي جەھەتتىن ھەل قىلىنغان كۆپ ساندىكى رايونلاردا ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ؛ ھازىرچە تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان ئاز ساندىكى رايونلاردا ، كىيىم - كېچەك پۈتۈن ، قورساق توق بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسىدا ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش .

( 8 ) سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش .

**51 . تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت ، تەبىئىي گاز بايلىقىنى چارلاش ۋە ئېچىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى مەنزىرىسى قانداق ؟**

جاۋاب : شىنجاڭ تارىم ، جۇڭغار ، تۇرپان — قۇمۇل ئۈچ چوڭ نېفىت گازى چۆكۈندى جىنس ئويمانلىقى ۋە باشقا 19 چوڭ - كىچىك تىپىكى چۆكۈندى جىنس ئويمانلىقىنىڭ قېلىنلىقى چوڭقۇر ، نېفىت گازىنىڭ چىقىش شارائىتى ياخشى ، چارلاشقا بولىدىغان چۆكۈندى جىنس كۆلىمى 920 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكەت قۇرۇقلۇقىدىكى چۆكۈندى جىنس ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ .

50 - يىللاردىلا ، جۇڭغار ئويمانلىقى شىنجاڭنىڭ نېفىتنى چارلاش ۋە ئېچىۋېتىشتىكى ئۇقتىلىق رايون بولۇپ ، قاراماي قاتارلىق نېفىتلىكلەر قۇرۇلدى . يەتتىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ، دۆلەت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ جۇڭغار ئويمانلىقىنى چارلاش ، ئېچىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تارىم ئويمانلىقى نېفىت ، گاز بايلىقىنى تەكشۈرۈشنى ھەمدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىت ، گاز بايلىقىنى چارلاش خىزمىتىنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەيتىشكە كە-

رىشكەنىدى .

تارىم ئويمانلىقى ، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ چۆكۈندى جىنس ئويمانلىقى بولۇپ ، كۆلىمى 560 مىڭ كۋادرات كىلومېتر ، ئۇنىڭ چۆكۈندى جىنسىنىڭ ئەڭ قېلىنلىقى 10 مىڭ مېتردىن يۇقىرى . بۇ ئويمانلىق تېررىتورىيە جەھەتتە نېفىت ، گاز كۆپ تارقالغان رايون بولۇپ شەكىللەنگەن ، ئۇزۇنغا كۆپ يۇرۇشلۇك خام نېفىت ، گاز پەيدا بولۇش قاتلىمى سىستېمىسى بار ھەمدە چوڭ تىپلىق ، مول يىغىلغان ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت ، گاز شەكىللىنىشتىكى نېفىت گېئولوگىيىلىك شارائىتقا ئىگە . دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەرلىنىشىچە ، نېفىت ، گاز بايلىقىنىڭ كۆمۈلۈپ يېتىش مىقدارى 31 مىليارت 700 مىليون توننا ئىكەن .

تارىم ئويمانلىقىنىڭ نېفىت ، گاز بايلىقىنى چارلاش ئىشى 1952 - يىلى باشلانغان . ئۇزۇن مۇددەت زور مىقداردا چارلاش خىزمىتى ئارقىلىق ، بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ، چارلاش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ ، مول گېئولوگىيىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ، بەش مول نېفىت يىغىلغان رايون بايقىلىپ ، مەلۇم كۆلەمدىكى نېفىت گېئولوگىيىلىك زاپاس مىقدارى ئېنىقلاندى ۋە كونترول قىلىندى . بۇنىڭ ئىچىدە بۈگۈرنىڭ جەنۇبى ، دۆڭقوتان ، جىراق ، يېڭى مەھەللە ۋە ئوتتۇرا تارىم 1 - رايونىدا ، بۇرغىلاش ئارقىلىق زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى . ھازىر بۈگۈرنىڭ جەنۇبىدا يۇرۇشلەشكەن ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىش سىناق رايونىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلدى .

تارىم نېفىت ، گاز بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ، شىنجاڭنىڭ ، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل ، ھەتتا كېيىنكى ئەسىردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە . شۇن-

www.uyghurkitap.com

داق بولغانلىقتىن تارىم ئويمانلىقى نېفىت، گاز بايلىقىنى چارلاش ۋە ئېچىشنى تېزلىتىپ، دۆلەتنىڭ سەككىزىنچى بەش يىللىق پىلانىدىكى مۇھىم قۇرۇلۇشى قىلىش سۈپىتىدە، گوۋۇيۈەن 1991 - يىلى 6 - ئايدا، جۇڭگو بانكىسى جۇڭگو نېفىت، تەبىئىي گاز باش شىركىتىگە 1 مىليارت 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق قەرز بېرىشنى ھەممە چەتنىڭ مەبلىغىنى، ئىلغار تېخنىكىسىنى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋە سودا - سانائەت، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكىلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە، مەبلەغ، تېخنىكا، ئۈسكۈنە قاتارلىق تەرەپلەردە جۇڭگو بىلەن ئۇنۇملۇك ھەمكارلىشىشنى قارشى ئالىدۇ. ھەمكارلىشىشنىڭ ئىستىقبالى كەڭ.

**55 . شىنجاڭنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىنى چارلاش ۋە ئېچىشنىڭ شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قانداق تەسىرى بار؟**

جاۋاب: شىنجاڭ - جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى، ئىنتايىن مول نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقى بار. كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ نېفىت سانائىتىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا دەسسەش رايونىغا ئايلىنىپ قېلىشتا ئۈمىد ناھايىتى زور. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شىنجاڭنىڭ نېفىت، تەبىئىي گازنى چارلاش ۋە ئېچىشتا جۇڭغار ئويمانلىقى مۇھىم نۇقتا قىلىناتتى. يەتتىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى تەرەققىي قىلىپ يېڭى باسقۇچقا كىرىپ، نېفىت، گاز بايلىقىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش، خام نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە كان رايونى قۇرۇلۇش ئىشى خېلى كۆلەمگە يەتتى. 1990 - يىلىغا كەلگەندە، 150 مىڭدىن ئارتۇق نېفىت سانائىتى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەر قايسى ئويمانلىقلارغا تار-

لىپ ، نېفت ، گاز بايلىقىنى چارلاش ۋە ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ،
خام نېفىتىنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى 8 مىليون 700 مىڭ تونىنىغا
يەتكۈزدى- ھەمدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى بىلەن ئوتتۇرا قىسمى ،
تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرق قىسمى بە-
لەن ئوتتۇرا قىسمىدا يېڭى نېفت ، گاز بارلىقىنى بايقىدى ، بۇ ئىنتا-
يىن خۇشاللىنارلىق تەرەققىيات مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى . شىنجاڭ
نېفت ، تەبىئىي گاز بايلىقىنىڭ چارلىنىپ ئېچىلىشى پۈتۈن مەملىكەت
نېفت سانائىتى ئۈچۈن قوشۇلغان تۆھپە بولۇپلا قالماستىن ، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېزلە-
تىش ئۈچۈنمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇردى . بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى
تۆت تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ :

( 1 ) شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ نېفت ۋە نېفىتتىن
ئىشلەنگەن ھەر خىل بۇيۇملارغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇر-
دى . شىنجاڭنىڭ نېفت سانائىتى 50 - يىللاردا ئارانلا ئون نەچچە
خىل يېقىلغۇ نېفت بۇيۇملىرىنىلا ئىشلەپ چىقىرالايتتى . 80 - يىللارغا
كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ ئالتە چوڭ تۈر ، 11 سىستېما بويىچە 200
خىلدىن ئارتۇق نېفت بۇيۇمىنى ئىشلەپ چىقىرالايدىغان بولۇپ ، ئۆز
ئورنىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي ، ھەر
يىلى يەنە پىششىقلانغان نېفىتتىن نەچچە مىليون تونىنى ئىچكىرىدىكى
جايلارغا توشۇپ ، ئۇلارنىڭ تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا
ياردەم بەردى .

( 2 ) شىنجاڭ يەرلىك مالىيىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى . مالىيە
تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ ، 1986 - يىلدىن باشلاپ ، مەركەزگە
بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا بولغان شىنجاڭ نېفت سانائىتى كارخا-
نىسى يۇقىرىغا تاپشۇرغان باجدىن ھازىرقى بۆلۈش نىسبىتى بويە-
چە ، شىنجاڭ يەرلىك مالىيىسى 30 پىرسەنتىنى قالدۇرۇپ ئىشلىتەلەي-

دۇ، ھەر يىلى قالدۇرۇلغان پۇل 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق. دۆ-
لەت يەنە ئۆسۈمى كەچۈرۈم قىلىنغان مەبلەغ سېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ
دىكى نامراتلارنى نۇقتىلىق يۆلەش تۈرى بولغان يوسكام نېفىت خە-
مىيە باش زاۋۇتىنى قۇرۇپ، شۇ ئورۇننىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشنى تېزلىتىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا مۇھىم تەسىر
كۆرسەتتى.

(3) شۇ ئورۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قى-
لىشنى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى سانائەتنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇ-
شىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. بىر تۈركۈم زا-
مانىۋى نېفىت ئايرىش ۋە نېفىت خىمىيە سانائەت كارخانىلىرىنى قۇر-
دى. كۆلىمى ئوخشىمايدىغان بەش نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، يىلىغا
300 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك ئىشلەپچىقىرىدىغان خىمىيىۋى ئو-
غۇت زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن سىرت، ھازىر مايتاغدا 140 مىڭ توننىلىق
ئېتىلىن قۇرۇلۇشى ياسىلىشقا باشلىدى؛ نېفىتنىڭ موللۇقى، شىنجاڭ
تاشيول ترانسپورتىنىڭ مىقدارىنى يىللاپ ئاشۇردى؛ تارىم نېفىت،
گاز بايلىقىنىڭ تەكشۈرۈلۈپ ئېچىلىشى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى-
نىڭ ئۆزگەرتىلىپ ياسىلىشى ۋە كېڭەيتىلىشىنى كۈن تەرتىپكە كىرگۈز-
دى؛ شۇ ئورۇننىڭ ئەمگەك - مۇلازىمەت بازىرىنى كېڭەيتتى. مەسى-
لەن، 1987 - يىلى شۇ جايدىكى ھەر قايسى قۇرۇلۇش، قۇراشتۇ-
رۇش كارخانىلىرىنىڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن كۆتۈرىگە ئال-
غان ھەر خىل ئاساسىي قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئومۇ-
مىي قىممىتى 200 مىليون يۈەندىن ئاشتى؛ نېفىتلىكنىڭ قۇرۇلۇشى،
شۇ ئورۇننىڭ سېمونت قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىناساز-
لىق، سودا، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى
ئىلگىرى سۈردى، مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نېفىت باشقۇ-
رۇش ئىدارىسى تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش، تولۇقلانما سودا

قاتارلىق شەكىللەر بىلەن شۇ ئورۇننىڭ 19 سېمونت زاۋۇتىنى يېڭىدىن قۇرۇش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 560 مىڭ تونىغا ئاشۇردى؛ پەقەت 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى شۇ جايدىكى 106 ماشىناسازلىق سانائىتى كارخانىسىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىگەن ماللىرىنى زاكاز قىلىش ئومۇمىي قىممىتى 330 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ؛ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شۇ جايدىكى ئىشلەپچىقىرىش، سودا ئورۇنلىرى بىلەن پۈتۈشكەن سودا سوممىسى ۋە ھەر خىل تولۇقلانما سودا سوممىسىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 200 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.

(4) نېفىت سانائىتى شۇ ئورۇننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش، ئىقتىسادىي تېخنىكا ياردىمىنى قويۇقلاشتۇرۇش جەھەتتە رولىنى پائال جارى قىلدۇردى. شىنجاڭ نېفىت، گاز بايلىقىنى چارلاش، ئېچىش خىزمىتىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نەچچە يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى شۇ جايدىكى 36 زاۋۇت، كان، كارخانىلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ، 100 دىن ئارتۇق ئورۇن بىلەن ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق ئالاقىسى ئورنىتىپ، نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى يېتەكچى كەسىپ قىلىنغان، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يېتەكلەيدىغان ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق تورىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى.

56. شىنجاڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، شۇ جاينىڭ بايلىقىنى قانداق قوغدايدۇ ۋە باشقۇرىدۇ؟

جاۋاب: شۇ جاينىڭ بايلىقىنى قانۇن بويىچە قوغداش، باشقۇرۇش ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بىر تۈرلۈك ھوقۇقى. شىنجاڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، شۇ جاينىڭ تەبىئىي

بايلىقنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشقا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق تەدبىرلەر:

(1) قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللاپ ۋە ئېلان قىلىپ يولغا قويغان يەرلىك ئاساسلىق قانۇن - بەلگىلىمىلەردىن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» چارىسى، «يايلاق قانۇنى» تەپسىلىي قائىدىسى، «ئورمانچىلىق قانۇنى»نىڭ بىرقانچە بەلگىلىمىسى، «بېلىقچىلىق قانۇنى» چارىسى، «سۇچىلىق قانۇنى» چارىسى، «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» چارىسى، يېزا- بازارلاردىكى كوللېكتىپ كان كارخانىلىرى بىلەن يەككە كان ئېچىشنى باشقۇرۇش چارىسى، تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلارنى باشقۇرۇش نىزامى، چۆچۈكبۇيا بايلىقنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى قاتارلىقلار يولغا قويۇلدى. ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) لەرمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللانغاچقا، تەبىئىي بايلىقلار ئۈنۈملۈك قوغدالدى، قاتتىق باشقۇرۇلدى ۋە مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىلدى.

(2) ئورمان، ئوتلاقلارنى باشقۇرۇش، قوغداش ۋە قۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئورمانچىلىق رايونلىرىدا، ئورمانلارنى كېسىش قاتتىق تەستىقلاندى، ياغاچلارنى توشۇش قاتتىق تەكشۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كۈچەپ تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، ئېتىز- ئېرىق ئىھاتە ئورمانلىقى بەرپا قىلىش ۋە تۈزلەڭلىكنى، تاغلىقنى ئورمانلاشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، سۇ، تۇپراق، ئۆسۈملۈكلەر بىر قەدەر ياخشى ساقلاندى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، چارۋىچىلىق ئىشلىرىدىن باشقا ئىشلار ئۈچۈن يايلاق ئىگىلەش قاتتىق تەسقلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يايلاقلاردىكى كې-

سەللىكنىڭ ، قۇرت - چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۈچەيتىلىپ ، يايلاقنىڭ قوغدىلىشى بىلەن چارۋىنىڭ بېقىلىشى تەكشۈك بولۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ ، يايلاق سۇ ئىنشائاتلىرى ، يايلاق يوللىرى قاتارلىق ئەسلىھەلەرگە پىلانلىق ھالدا مەبلەغ سېلىنىپ ياسىلىپ ، يايلاقنىڭ سۇغۇرۇلۇش كۆلىمى كېڭەيتىلدى ھەمدە تېرىشنى توختىتىپ چاۋىچە-لىققا قايتۇرۇپ بېرىش ۋە يايلاقلارنى قاشالاپ قوغداش ئۇسۇللىرى قوللىنىلدى ، ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ تېرىلىپ ، يايلاقلار تەد-رىجىي ياخشىلاندى ۋە كېڭەيتىلدى .

( 3 ) تەبىئىلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار قۇرۇلۇپ ، قىممەت-لىك ، ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانات ، ئۆسۈملۈكلەر ھەمدە تەبىئىي ئې-كولوگىيىلىك مۇھىت قوغدالدى . ياۋايى ھايۋانات ، ئاپتونوم رايون-نىڭ يولغا قويغان « ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى » دىكى چارىلەرگە ئاساسەن ، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت يەنە كونكرېت ئۈۋچە-لىقنى مەنئىي قىلىش تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ ، تىيانشان ، ئالتاي ، قارا قۇرۇم ، كوئىنلۇن ، ئالتۇن تاغ ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىكى ياۋايى ھاي-ۋانلار ئۈنۈملۈك قوغدالدى . يەن - تېخنىكا خادىملىرى يەنە ئور-مان ، يايلاق ، ياۋايى ھايۋانلار ئېكولوگىيىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەت-قىق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى ھەمدە ئوخشىمىغان تىپتىكى تەبىئىيلە-كى قوغدىلىدىغان رايونلار قۇرۇلدى .

بۇنىڭدىن سىرت ، كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى جەھەتتە ، كۆپ يىللاردىن بۇيان بىر قەدەر سىستېمىلىق چارلاش ، ئومۇمىيۈزلۈك تەك-شۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى ؛ كان بار رايونلاردا ، كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشتا دۆلەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەس-نىقدىن ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلىق ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ تېخنىكىلىق يېتەكچىلىكى ئاستىدا ، پىلان-لىق ھالدا تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى ، تىجارەت قىلىش ۋە يۆت-

www.uyghurkitap.com

كەشتە قاتنىشى نەسىقلاش رەسىمبەتلىرىدىن ئۈنكۈرۈلدى سۇ سايلە-
مى جەھەتتە . ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ، مۇھىتنى باخ-
شىلاش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش ۋە
تەكشۈرۈش ، تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىپ ، بىر تۇ-
تاش پىلانلاپ ، ئېچىش بىلەن ئېقتىش تەڭ يۈرگۈزۈلۈپ ، بۆلغىنىش-
نىڭ ئالدى ئېلىنىپ ، سۇ سۈپىتى قوغدىلىنىپ ، مۇۋاپىق ھالدا ئۈنە-
ۋېرسال پايدىلىنىلدى . يەر بايلىقى جەھەتتە ، يەرلەر قانۇن بويىچە
مۇۋاپىق ئىشلىتىپ ، يېزا ئىگىلىك خاراكتېرىنى ئالمىغانلارنىڭ تېرىلغۇ
يەرلەرنى ئىگىلەش قاتتىق كونترول قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئېتىز-
ئېرىقلار ئۈزلۈكسىز تۈردە ياخشىلىنىپ ، بوز يەرلەر پىلانلىق ، مۇۋا-
پىق ئېچىلدى ۋە تېرىلغۇ يەرلەر كېڭەيتىلدى .

**57 . شىنجاڭ بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپ چىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە قانداق ئويلىشىۋاتىدۇ ؟**

**جاۋاب :** شىنجاڭدا ، مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپ چىقىرىشنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى . شۇڭا شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مىللىي بۇيۇملارنى ئىش-
لەپ چىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ، سەك-
كىزىنچى بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولغان 1995 - يە-
لى ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي بۇيۇملار سانائىتىنىڭ ئومۇمىي
ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 675 مىليون يۈەن ( 1990 - يىلدىكى ئۆز-
گەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا ) گە ، 2000 - يىلغا بارغاندا 1
مىليارد يۈەنگە ، ئون يىل ئىچىدە يىلىغا ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىنى
8.2 پىرسەنتكە يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى . سەككىزىنچى بەش يىللىق
پىلان مەزگىلىدە مىللىي بۇيۇملارنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى-
نىڭ پىلانى مۇنداق پىلانلاندى : مىللىي يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنى 2

مىليون 620 مىڭ مېتىردىن 5 مىليون مېتىرغا يەتكۈزۈپ، يىلىغا ئوتتۇرا
هېساب بىلەن %13.8 ئاشۇرۇش؛ مىللىي كۆندىلىك سىرلىق ۋە سا-
، بۇيۇملارنى 10 مىليون 40 مىڭ داندىن 17 مىليون دانىغا يەت-
كۈزۈپ، يىلىغا ئوتتۇرا هېساب بىلەن %11.1 ئاشۇرۇش؛ مىللىي
ئۆتۈك، ئاياغلارنى 1 مىليون 850 مىڭ جۈپتىن 4 مىليون جۈپكە يەت-
كۈزۈپ، يىلىغا ئوتتۇرا هېساب بىلەن %16.7 ئاشۇرۇش؛ مىللىي رې-
زىنكە ئۆتۈك، كالاچنى 902 مىڭ جۈپتىن 600 مىڭ جۈپكە يەتكۈزۈپ،
يىلىغا ئوتتۇرا هېساب بىلەن %15.6 ئاشۇرۇش؛ مىللىي كىيىم-كې-
چەكلەرنى 2 مىليون 460 مىڭ يۈرۈشتىن 4 مىليون 500 مىڭ يۈرۈشكە
يەتكۈزۈپ، يىلىغا ئوتتۇرا هېساب بىلەن %12.8 ئاشۇرۇش؛ مىللىي
كەشتە هۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى 530 مىڭ داندىن 850 مىڭ دا-
نىغا يەتكۈزۈپ، يىلىغا ئوتتۇرا هېساب بىلەن %9.9 ئاشۇرۇش؛
قولدا توقۇلغان قوي يۇڭى گىلىمنى 30 مىڭ كۋادرات مېتىردىن 55
مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزۈپ، يىلىغا ئوتتۇرا هېساب بىلەن
%12.9 ئاشۇرۇش؛ مىللىي نەپىسلىك ياغاچ ئائىلە جاھازلىرىنى
110 مىڭ داندىن 150 مىڭ دانىغا يەتكۈزۈپ، يىلىغا ئوتتۇرا هې-
ساب بىلەن %6.4 ئاشۇرۇش؛ مىللىي [illegible] مېتال بۇيۇملارنى
650 مىڭ داندىن 1 مىليون 370 مىڭ دانىغا يەتكۈزۈپ، يىلىغا ئوت-
تۇرا هېساب بىلەن %16.1 ئاشۇرۇش. زىننەت بۇيۇملىرىنى 38 يۈ-
رۈشتىن 100 مىڭ يۈرۈشكە يەتكۈزۈپ يىلىغا ئوتتۇرا هېساب بىلەن
%21.4 ئاشۇرۇش.

**58. شىنجاڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتى قانداق؟**

جاۋاب: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركە-
زىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركە-
زىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئىسلاھات، ئىچكىرىش توغرىسىدىكى

بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرگە ئاساسەن، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا ماس كەلمەيدىغان زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋېتىلگەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە پائال تۈردە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بىلەن ئايلىنىش مېخانىزمىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. ئىسلاھاتلار ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

(1) يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى تەڭشەلدى. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە كۆتۈرگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، تەمىنلەش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسى ئۆستۈرۈلۈپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى.

(2) مۇلۇكچىلىك شەكلى تەرتىپكە سېلىندى. بىرلا خىل مۇلۇكچىلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى تەڭ مەۋجۇت بولغان ئەندىزە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ تەرەققىياتى شەھەر - يېزىلار ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، بازارلارنى جانلاندۇرۇش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىش، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەشتە پائال رول ئوينىدى.

(3) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش

مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى كۈچەيتىلدى. ھوقۇقنى كېڭەيتىپ پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش، «ئىككى ھوقۇق»نى مۇۋاپىق ئايرىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، كۆتۈرىگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى ئومۇميۈزلۈك يۈرگۈزۈلۈپ، كارخانىنى مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ قارمىقىدىكى ئورۇن قىلىپ قويۇش دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە كارخانا ئىچىدە كۆپ تەرەپلىملىك يۈرۈشلۈك ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلار مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى ۋە نىسپىي مۇستەقىل بولغان پايدا بىلەن مەسئۇلىيەتكە ئىگە قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ھالەتتىن ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ھالىتىگە تەدرىجىي ئۆزگەرتىلدى.

(4) تاۋار ئوبوروت يولىنىڭ بىرلا خىل بولۇشتەك كونا ئەندىزىسى ئۆزگەرتىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، تەمىنات كوپىراتىپلىرى ئاساس قىلىنغان كۆپ شەكىللىك، كۆپ يوللۇق ئوبوروت تورى شەكىللەندۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئوبوروتىمۇ بىرلا خىل بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان بويىچە يۆتكەشتىن بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان، يېتەكچىلىك خاراكتېرلىك پىلان ۋە بازار ئارقىلىق تەڭشەش بىرلەشتۈرۈلگەن كۆپ خىل ئوبوروت شەكلىگە، ماددىي ئەشيالار كارخانىلىرى تەقسىم قىلىپ يۆتكەش ھالەتتىن ئىگىلىك باشقۇرۇش - مۇلازىمەت قىلىش ھالىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

(5) ئىش ھەققى ۋە ئەمگەك تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تەقسىم قىلىشنى دۆلەت بىۋاسىتە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەت بىلەن كارخانا، كارخانا بىلەن

www.uyghurkitap.com

ىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت ئىككى قاتلاملىق تەقسىمات يۈر-
گۈزۈلدى. كۆتۈرگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇۋاتقان كارخانىلاردا
ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈ-
رۈش ئۇسۇلى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى مۇۋاپىق كېڭەيتىل-
دى. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ
تۇرۇپ، باشقا تەقسىمات شەكىللىرىدىنمۇ مۇۋاپىق پايدىلىنىلدى.

(6) ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - كونترول قىلىش ئۆزگەرتىل-
دى. بىۋاسىتە پىلانلىق باشقۇرۇشتىن سىرت، ئىقتىسادىي، قانۇنىي
ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشقا ئېتىبار بېرىلىپ، ئامانەت - قەرز، باج، با-
ھا، ئىش ھەققى قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭلارنىڭ رولى جارى قىل-
دۇرۇلۇپ، نامۇۋاپىق باھا مۇناسىۋىتى دەسلەپكى قەدەمدە ياخ-
شىلاندى. باھا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىلەن شەكىللەنگەن مېخانىزم
ئىسلاھ قىلىندى، دۆلەتنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانى ۋە بىر تۇ-
تاش باھا قويۇش دائىرىسى تەدرىجىي كىچىكلىتىلىپ، بازار ئارقى-
لىق تەڭشەش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىشلەپ-
چىقىرىش، ئوبوروتنى تەڭشەش، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشىنىڭ رولى دەسلەپكى قەدەمدە جارى قىلدۇرۇلدى.

(7) سىرت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، تېخنىكا ئالاقىسى ۋە
ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، بايلىق ئەۋزەللىكى بىلەن غەربكە
ئېچىۋېتىشتىكى جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى ئارقىلىق مەبلەغ، تېخنىكىنى
جەلپ قىلىپ، بېكىنمە ھالەتتىكى ئىقتىساد قويۇۋېتىلگەن ھالەتتىكى
ئىقتىسادقا ئۆزگەرتىلدى.

ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسا-
دىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ مەزگىل ئاپتو-
نوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئەڭ تېز ۋە خەلق ئې-

رىشكەن نەپ ئەڭ كۆپ بولغان مەزگىل بولدى.

**59. شىنجاڭنىڭ ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا قانداق ئىلگىرىلەشلەر بولدى؟**

**جاۋاب:** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرى تەدرىجىي كېڭىيىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

(1) ئومۇمىي يۈنىلىشلىك، كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1982 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، پاكىستان بىلەن قونجىراپ ئېغىزىنى ئېچىۋەتتى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بىلەن قورغاس، تورغات ئېغىزلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە يەنە ئالاتاۋ ئېغىزىنىمۇ رەسمىي ئېچىۋەتتى. موڭغۇلىيە بىلەن تاشقىن، تۆمۈر تام، ئۇلاستاي، قىزىلتاغ ئېغىزلىرىنى ئېچىۋەتتى، خەلقئارالىق ھاۋا قاتنىشىدا ئۈرۈمچى ئايروپورتىنى ئېچىۋەتتى؛ دۆلەت پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاشقى سودا، يەرلىك تاشقى سودا ۋە چېگرا سودىسى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن شىنجاڭ تاشقى سودا سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى ھەمدە 50 نەچچە دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى.

(2) ئىمپورت - ئېكسپورت سودا مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. شىنجاڭ ئۆز ئالدىغا ئېكسپورت قىلىپ كەلگەن ئون يىلدىن بۇيان، جەمئىي يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 1 مىليارد 998 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 34.7% كۆپەيگەن. بۇ، دۆلەتنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى تاشقى سودا ئېكس-

پورتىنىڭ يىلىغا 11.1% ئېشىش ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت ئې-
زا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىلىغا 13.9% ئېشىش
سۈرئىتىدىنمۇ يۇقىرى بولغان. 10 يىللىق ئىمپورت سوممىسى جەمئىي
721 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، شىنجاڭدا ئىسلاھات، ئېچى-
ۋېتىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇنقى 30 يىللىق ئىمپورت ئومۇ-
مىي سوممىسىنىڭ 2.5 ھەسسىسىگە باراۋەر بولغان.

(3) سىرتقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش ۋە سىرت بىلەن بولغان
ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش ئۈزلۈكسىز را-
ۋاجلاندى. ئون يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 94
تۈر سىرتقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش تەستىقلانغاندى، ئەمەلىيەتتە
76 تۈر ئىجرا قىلىندى؛ شىنجاڭغا مەبلەغ سالغان زاۋۇت، سودىگەر-
لەر تەۋە دۆلەت ۋە رايونلار تۆتتىن 16 گە كۆپىيىپ، «ئۈچ خىل مەب-
لەغ» كارخانىلاردىن 36 سى قۇرۇلدى ھەمدە كۆپ سانلىقى خېلى
مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. مەسىلەن، شياڭگاڭ، ياپونىيە بىلەن شېرىك-
لىشىپ باشقۇرۇۋاتقان «شىنجاڭ تيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملى-
رى ھەسسىدارلىق شىركىتى» 1987 - يىلدىن 1989 يىلىغىچە ئۇدا
ئۈچ يىل مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ شېرىكلىشىپ باشقۇرۇۋاتقان
ياخشى كارخانا بولۇپ باھالاندى؛ 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەل-
گەندە، سىرت بىلەن بولغان ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى
ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ
تۈر قاتارىغا كىرگۈزۈلگىنى، جۈملىدىن سودا خاراكتېرىنى ئالمىغان
سېلىنما، قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى، ئەمگەك - مۇلازىمىتى سىرتقا
چىقىرىش ۋە تېخنىكىنى ئېكسپورت قىلىش قاتارلىقلار 59 تۈر بولۇپ،
گۈزەل مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى.

(4) شەرق بىلەن بولغان ئالاقە ھەمكارلىقى تەرەققىياتقا ئې-
رىشتى. شىنجاڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 29

ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە دۆلەتنىڭ 19 مىنىستىرلىك ، كومىتېتلىرى بىلەن ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقنى ئانات يايدۇردى ، 15 ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەر ۋە 30 نەچچە ناھىيە ، شەھەر ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى 40 نەچچە ۋىلايەت ، ناھىيە ، شەھەرلەر بىلەن تۇغرا كەلگەن كەسىپلەر بويىچە دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى . 3237 تۈر ئورۇندالدى ياكى ھەمكارلىقى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ، جۈملىدىن 1157 تۈر ئىقتىسادىي بىرلەشمە تۈرى ، 2080 تۈر تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرى ، كىرگۈزگەن ، ئۆزگەرتكەن 4418 ئۇسكۇنە كىرگۈزۈلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى ، 5437 مەھسۇلات يېڭىدىن كەشىپ قىلىندى ۋە تۈرى كۆپەيتىلدى . 144 خىل داڭلىق ، ئېسىل مەھسۇلاتلار ئىشلەندى ، 90 نەچچە خىل مەھسۇلات ئاپتونوم رايوندىكى بوشلۇقنى تولدۇردى .

( 5 ) ساياھەتچىلىك ئىشلىرى خېلى تېز راۋاجلاندى . 1978 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە جەمئىي 324 مىڭ چەت ئەللىك ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ، شياڭگاڭ ، ئاۋمېن ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ھەمدە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق ساياھەتچىلەر كۈتۈۋېلىنىپ ، 87 مىليون 835 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە 1990 - يىلى 80 مىڭ ئادەم - قېتىم ساياھەتچىلەر كۈتۈۋېلىنىپ ، 1987 - يىلدىكىنىڭ 750 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى . ھازىر ، شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر ، ناھىيىلىرى 25 كە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى تۇرپان ، قەشقەر شەھىرى ساياھەتچىلىكنىڭ نۇقتىلىق شەھەرلىرىگە ئايلىنىپ ، « يىپەك يولى » دىن ئىبارەت بۇ ساياھەت يولى مەملىكەت ئىچى ، سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ بەس - بەس بىلەن ساياھەت قىلىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالدى .

**60 . ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق ئىككىنچى كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇ-**
**رۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى بىلەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىدا**
**قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ؟**

جاۋاب : ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4160 كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭگو
لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ غەرب بۆلىكى ( ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋ
ئېغىزىغىچە بولغان بۆلەك ) بەش يىل تۆت ئاي ئىشلەش ئارقىسىدا،
1990 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتۈپ پويىز قاتنىغاندىن كېيىن،
9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئالاتاۋ ئېغىزى قازاقىستاننىڭ چېگرىسى ئىچى-
دىكى دۇرۇژبا تۆمۈر يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئاسىيا - ياۋروپا
چوڭ قۇرۇقلۇق ئىككىنچى كۆۋرۈكى تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى بىلەن جۇڭگو تۆمۈر
يول قۇرۇلۇشى تارىخىدىكى بىر چوڭ ئىش.

ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق ئىككىنچى كۆۋرۈكى شەرقتە
تىنچ ئوكيان قىرغىقىدىكى جۇڭگونىڭ لىيەنيۈنگاڭ پورتىدىن باشلىنىپ،
لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسى ئارقىلىق، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇ-
قى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى
گوللاندىيىنىڭ روتتېردام پورتىغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10
مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ. بۇ كۆۋرۈكنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى
شىنجاڭ ۋە غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش بى-
لەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جۇڭگو بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىر-
لەشمىسىنىڭ ئىقتىساد - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە سودا بېرىش - كې-
لىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونلىرى بىلەن
ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە تۇتاشقان ئا-
سىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق ئىككىنچى كۆۋرۈكىنىڭ جۇڭگو چېگرى-
سى ئىچىدىكى بۆلىكىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4 مىڭ 100 كىلومېتىر-

دىن ئارتۇق بولۇپ، جۇڭگونىڭ شەرق، ئوتتۇرا، غەرب قىسمىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىقتىسادىي بەلباغنى تۇتاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى جياڭسۇ، شەندۇڭ، خېنەن، ئەنخۇي، شەنشى، گەنسۇ، سەنشى، سىچۇەن، نىڭشيا، شىنجاڭدىن ئىبارەت 11 ئۆلكە، رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ بىر ناھايىتى پايدىلىق سودا يولى، ناھايىتى زور ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق ئىككىنچى كۆۋرۈكى شىمالدا روسىيىنىڭ شەرق قىسمىدىكى ناخودكا پورتىدىن باشلىنىپ، سىبىرىيە ئارقىلىق، ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن تۇتىشىدىغان بىرىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئەۋزەل، قاتناش سوغۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، يىل بويى توختىماستىن قاتناشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. يەنە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، غەربىي تىنچ ئوكيان ئىقتىساد چەمبىرىكىنىڭ ماللىرىنى لەنيۈنگاڭ پورتىدىن ئاسىيا - ياۋروپا ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇق ئىكككىنچى كۆۋرۈكى ئارقىلىق ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەرگە يۆتكىگەندە توشۇش ئارىلىقى تېخمۇ يېقىن، توشۇش مۇددىتى تېخمۇ قىسقا، توشۇش خىراجىتى تېخمۇ ئىقتىساد بولۇپ، ھىندى ئوكيان، سۈۋەيش قانىلى بىلەن دېڭىزدىن يۆتكىگەنگە قارىغاندا يۆتكەش خىراجىتى ۋە ۋاقتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 20% ۋە 50% تېجەلىدىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق ئىككىنچى كۆۋرۈكى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

ھازىر، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى غەربىي بۆلىكىدە پويىز قاتناپ سىناق قىلىپ توشۇش باشلانغان ھەمدە جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى تۆمۈر يولدا ۋاقىتىنچە مال توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ يەرلىك

www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمىتى بىلەن دۆلەت تۆمۈر يول مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار يول بويىدىكى ۋە ئالاتاۋ ئېغىزىدىكى يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنداپ، خەلقئارالىق بىرلىشىپ توشۇشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىمەكتە، مۆلچەرلىنىشىچە، تېخىمۇ يېقىن بولغان ئاسىيا - ياۋروپا خەلقئارالىق بىرلىشىپ توشۇش يېڭى يولى 1992 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا رەسمىي ئۇلىنىدىكەن.

**61. شىنجاڭ بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئىچىدە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە قانداق ئويلاشماقتا؟**

جاۋاب: مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش پىلانلاش ۋە سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەرنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، رايونلار ئارا ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئىقتىسادىي تورلارنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەملىكەت ئىچىدە، كۆپ ساھە بويىچە، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش -- شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرىنىڭ بىرى. شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا، ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش رايونلىرىنى قۇرۇش، چېگرىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئېغىزلاردىن، بولۇپمۇ ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق ئىككىنچى كۆۋرۈكنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىدىن ۋە مول بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ

تېخنىكا ئۇسكۇنىلەرنى كىرگۈزۈش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ شىن-
جاڭغا كېلىپ كارخانا قۇرۇشنى جەلپ قىلىش ئارقىلىق، ئېكسپورت
تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ جۇڭگو ئىچكى
ئۆلكىلەر بىلەن ۋە چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە كارخانىلارنى قۇرۇش
ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق، ئىلغار تېخنىكا
ۋە ئۇسكۇنىلەرنى كىرگۈزۈپ، ھازىر بار بولغان كارخانىلارنى ياخ-
شىلاش ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرلە-
شىش بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يېزا ئىگىلىكىنى چۆرى-
دىگەن ھالدا بىرلىشىپ، باشقا رايون ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەبلىغىنى
كىرگۈزۈپ، سۇ، تۇپراق مەنبەسىنى ئېچىپ، پاختا كۆممىقوناق،
ئارپا، قوي يۇڭى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق بازىلىرىنى
قۇرۇش؛ مەركەزنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى (شىركەت) ۋە قېرىن-
داش ئۆلكە، شەھەر، رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىساد - تېخنىكا
ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە رەڭلىك مېتال قاتار-
لىق كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى، نېفىت، تەبىئىي گاز خىمىيە سانائى-
تىنى بىرلىشىپ ئېچىپ، بىرلىشىش خاراكتېرىدىكى كارخانىلارنى قۇ-
رۇش يېڭى يولىدا داۋاملىق مېڭىپ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپ
چىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ماددىي ھەمكارلىقنى داۋاملىق
ياخشىلاپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىش-
لەپچىقىرىشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان قىس تاۋارلارنى ھەل قى-
لىش. بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق
ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق ئومۇ-
مىي پىلانى ۋە سەككىزىنچى بەش يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

**62. شىنجاڭ تاشقى سودىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى قانداق؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭ قەدىمكى جۇڭگونى ئاسىيا - ياۋروپادىكى ھەر
قايسى دۆلەتلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى»نىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇھىم بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ ، چەت ئەللەر بىلەن ئىقتىساد -
سودا ئالماشتۇرۇشتا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-
يىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش يولغا قو-
يۇلغاندىن بۇيان ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تاشقى ئىقتى-
ساد- سودىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىپلا قال-
ماي ، بەلكى تېخىمۇ كەڭ ئىستىقبال يولىنى ئاچتى . بۇ ئاساسەن تۆ-
ۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ :
( ا ) بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە ماددىي - تېخنىكا ئاساسى . شىن-
جاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى مەلۇم كۆلەمگە
ئىگە ، ئېنېرگىيە ، قاتناش ، پوچتا - تېلېگراف ، ئالاقە قاتارلىق ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ، مۇلازىمەتتىن ئىبارەت ئاساس خاراكتېرلىك
مۇئەسسەسىلىرى تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن لايىقلى-
شىپ ، تۈرلىرى بىر قەدەر تولۇق بولغان سانائەت سىستېمىسى دەس-
لەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن بولۇپ ، تاشقى سودا ئېكسپورتىنى
مال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىشكە ئاساس سېلىندى . ئىقتىسادنىڭ
راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ، يەرلىك ئورۇنلاردىكى ھەر خىل بايلىق ئەۋ-
زەللىكى تەدرىجىي يوسۇندا تاۋار ئەۋزەللىكى ۋە تاشقى سودا
ئېكسپورت قىلىش ئەۋزەللىكىگە ئايلاندى .
( 2 ) جۇغراپىيىلىك ۋە ئۆرپ - ئادەت ئەۋزەللىكى . شىنجاڭ
موڭغۇلىيە ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ، ئافغانىستان ، پاكىس-
تان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ . ئۇنىڭ سىرتقى بازار يو-
شۇرۇن كۈچى زور ؛ ئۇنىڭ 5100 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى چېگرىسىغا
ئورغۇن قۇرۇقلۇق سىز يولى ، ئېغىزلىرى جايلاشقان ھەمدە ئۈرۈمچى
شەھىرىدە يەنە ھاۋا يول ئېغىزى بار ، ئاسىيا ، ياۋروپا چوڭ قۇرۇق-
لۇق ئىككىنچى كۆۋرۈكىنىڭ ئۆتاشتۇرۇلۇشى — شىنجاڭنىڭ شەرق ،
غەربكە قوش يۆنىلىشلىك ئېچىۋېتىشكە تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت يا-

رىتىپ بەردى. چېگرا ئاتلىغان بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادى-
تى، دىنىي ئېتىقادى ۋە تىلى قاتارلىقلار ئوخشاش بولغانلىقتىن،
ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇ-
رۇشقا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا پايدىلىق بولدى.

(3) ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا تولۇقلاش خاراكتېرىگە ئە-
گە. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەر ۋە را-
يونلارنىڭ مول بايلىقى ۋە مەلۇم ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى بىلەن شىنجاڭ-
نىڭ بىتەرەپلىك توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، دېھ-
قانچىلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنىڭ
ھەممىسى سودا ئالماشتۇرۇشتا قارشى تەرەپكە ئېھتىياجلىق تاۋارلار
بولۇپ، خېلى زور ھەمكارلىشىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە.

(1) كەسپىي تېخنىك خادىملار ۋە سودا يوللىرى. شىنجاڭ بىر
تۈركۈم ساپاسى يۇقىرى تاشقى سودا كەسپىي تېخنىك خادىملار قو-
شۇننى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. 50 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن
مۇقىم سودا يوللىرىنى ئېچىپ، قوشنا دۆلەت (رايون) لەر بىلەن
بولغان چېگرا سودىسىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ
ئاساسىي سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا،
شىنجاڭ يەنە دۆلەت بېكىتكەن ياكى بەرگەن بىر قىسىم ئالاھىدە ئىمتىيار
بېرىش سىياسىتى ۋە ئۆز جايىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى قاتارلىق
ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، چەتئەلنىڭ مەبلىغىنى تېخىمۇ كۆپ جەلپ قى-
لىپ، ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىنىڭ شۇ
جايغا باپ كېلىدىغان باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىپ، «رۇ-
جەك»لىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تاش-
قى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈردى.

63 . شنجاڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش تەرەپلەردە قانداق چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەسەۋۋۇر قانداق ؟

جاۋاب : ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغىنى تېخىمۇ كۆپ قولغا كەلتۈرۈش ، شىنجاڭنىڭ ئېچىۋېتىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نۇرغۇنلىغان ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، «قاتتىق» مۇھىت ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىشنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ، قاتناش - ترانسپورتنى ياخشىلاش ، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاش ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مۇلازىمىتىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش ، ئاساس خاراكتېرلىك ئەسلىھەلەر ۋە چېگرا ئېغىزى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، «يۇمشاق» مۇھىتنىمۇ تەدرىجىي ياخشىلىدى . مەسىلەن ، 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە دۆلەت تۈزگەن ئالاھىدە سىياسەتكە ئاساسەن ،شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ، سودىگەرلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىشى توغرىسىدا ا سەككىز ماددىلىق ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى بىكىتتى . 1988 - يىلى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە «گوۋۇيۈەنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»گە ۋە دۆلەت يوللىغان شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى توققۇز تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە ئاساسەن ، ئەسلى يولغا قويۇلغان سەككىز ماددىلىق ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە بىر قەدەر زور تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە تولۇقلىدى ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ

سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى ئېتىبار بېرىش چارىسى»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇپ، ئايرىم تۈرلەردە ھەر خىل باجلارنى ھەم خىراجەتلەرنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، باجنى ئېلىپ تاشلاش ۋە مەبلەغنى ئىشلىتىش، «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىش، ئېنېرگىيە، ترانسپورت، خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش، تاشقى پېرېۋوتنى تەڭلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، رەسمىيەتلەرنى تەستىقلاشنى ئىخچاملاش قاتارلىق جەھەتلەردە بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ چەت ئەل ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن قاتارلىق رايونلاردىكى قېرىنداش دوستلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشىنى جەلپ قىلىش، كەڭ كۆلەمدە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يۈرگۈزۈشتە پائال رول ئوينىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن «ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش، غەربكە يۈزلىنىش، ئىچكى جەھەتتە ئۆزئارا كىرگۈزۈپ سىرت بىلەن بىرلىشىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە ئېكسپورت قىلىش» فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش ئېگىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ قۇرۇقلۇقتىن ئېچىۋېتىش جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، لىيەنيۈنگاڭ ـ لەنجۇ، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يول بويلىرىدىكى ئىقتىسادىي رايونلارغا تايىنىپ بايلىق ئەۋزەللىكىنى ستراتېگىيىگە ئايلاندۇرۇشنى يۈرگۈزۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا خەلقئارا ۋە مەملەكەت ئىچىدىكى بازارلارنى ئېچىش، سىرت بىلەن بولغان ئىقتىساد - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، تاشقى سودا ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ۋە ساياھەتچىلىك كەسپىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەلگىلىدى .

**61 . چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كارخانا قۇرۇشىغا ئائىت قانداق ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بار ؟ رەسمىيەتلەر قانداق بېجىرىلىدۇ ؟**

جاۋاب : چەت ئەل سودىگەرلىرى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كارخانا قۇرۇشتا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرىنى مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەردىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە تۆۋەندىكى ئېتىبار بېرىشلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ :

( 1 ) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىمۇ زور ئۆزگىچە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە . ئومۇمەن چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ باشقۇرغانلىكى كارخانىلىرىلا بولسا ، تەستىقلانغان ھامان تىزىمغا ئېلىنىدۇ ، يەنە قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە بولۇپ ، جۇڭگو قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ . تەستىقلانغان كېلىشىم دائىرىسى ئىچىدە ، ئادەم ، مالىيە ، ماددىي ئەشيا ، مەھسۇلات ، تەمىنلەش ، سېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىمۇ زور ئۆزگىچە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ خەلقئارالىق قائىدە - نىزام ۋە ئىلغار پەن - تېخنىكا ئۇسۇللىرى بويىچە كارخانا باشقۇرۇشىنى قوللايدۇ .

( 2 ) باج ھەممە باشقا خىراجەتلەر كېمەيتىلىدۇ ۋە كەچۈرۈم قىلىنىدۇ . ئومۇمەن جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا-

لىرىنىڭ شىنجاڭدىكى شېرىكچىلىك ۋاقتى ئون يىلدىن ئاشقان بولسا، پايدىغا ئېرىشكەن يىلىدىن باشلاپ، ئالدىنقى ئىككى يىللىق كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى يىلىدىن بەشىنچى يىلىغىچە كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنىڭ يېرىمى كېمەيتىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، يەنە ئون يىلغىچە كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنىڭ 30 پىرسەنتى داۋاملىق كېمەيتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە، مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىنىدىغان كارخانىلارنىڭ شۇ يىلقى ئېكسپورت قىلىنغان مەھسۇلات قىممىتى كارخانىلارنىڭ شۇ يىلقى يېڭىدىن ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلات قىممىتىدىن 50 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولسا، ھازىرقى باج نىسبىتى بويىچە كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنىڭ يېرىمى كېمەيتىلىدۇ؛ ئىلغار پەن - تېخنىكىنى قوللانغان كارخانىلارنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنىڭ 30 پىرسەنتى بەش يىلغىچە داۋاملىق كېمەيتىلىدۇ. ئومۇمەن چەت ئەللەرنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان كارخانىلىرىنىڭ ۋاقتى ئون يىلدىن ئاشقان بولسا، پايدىغا ئېرىشكەن يىلىدىن باشلاپ، كارخانىلارنىڭ بىرىنچى يىللىق تاپاۋەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى يىللىق تاپاۋەت بېجىنىڭ يېرىمى كېمەيتىلىدۇ. يۇقىرىقى باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بايلىق ئېچىش بىلەن شۇغۇللانغان كارخانىلار ھەمدە ئاساس خاراكتېرلىك ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇش تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ ئون يىلغىچە كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنىڭ 30 پىرسەنتى كېمەيتىلىدۇ. چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلىرىنىڭ تەستىقلانغان مۇددەت ئىچىدە، يەرلىك تاپاۋەت بېجىنىڭ يېرىمى كېمەيتىلىدۇ. جۈملىدىن مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىنىدىغان، ئىلغار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېخنىكا قوللانغان كارخانىلار ھەمدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق،
ئورمانچىلىق، ئاساس خاراكتېرلىك ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى، بېلىق
تۇتۇش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چەت ئەل سودى-
گەرلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ يەرلىك تاپاۋەت بېجى
كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئومۇمەن چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا
مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلىرىنىڭ ئەستىقلانغان مۇددەت ئىچە-
دە، بەش يىلغىچە ئۆي - جاي بېجى ۋە ئاپتوموبىل، پاراخوتلارنىڭ
پراۋا ئىشلىتىش بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. مەسىلەن، تېرىلغۇ يەر ئى-
گىلىگۈچىلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلەش بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ھەم-
دە بەلگىلىمە بويىچە شەھەرلەردىكى ئاساس خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش
ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىش ھەققىنىڭ يېرىمى كېمەيتىلىدۇ.

(3) چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ئاسا-
سى قۇرۇلۇش قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتىدا، شىنجاڭدا ئىشلەپ
چىقىرىلغان خام ئەشيا، يېقىلغۇ قاتارلىقلارغا ئىشلەتكەن بولسا،
ماتېرىياللارنىڭ باھاسى بىردەك ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئىگىلە-
كىدىكى كارخانىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىپ، خەلق پۇلى بويى-
چە ھېساب - كىتاب قىلىنىدۇ ھەمدە ئالتە ئالدىن (ئاساسىي قۇرۇ-
لۇش ئېلىپ بېرىشنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش، قاتناش ترانسپور-
تنى ئالدىن ھەل قىلىش، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى ئالدىن ئو-
رۇنلاشتۇرۇش، ئېنېرگىيە بىلەن ئالدىن تەمىنلەش، خام ئەشيانى
ئالدىن تەقسىم قىلىپ بېرىش، بانكىدىن قەرز بېرىشنى ئالدىن ئو-
رۇنلاشتۇرۇش) يولغا قويۇلىدۇ.

(4) تاشقى پېرېۋوتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئامانەت قەرز
بىلەن مەبلەغ ئېلىشقا ھەمكارلىشىدۇ. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ
سالغان كارخانىلارنىڭ ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى تاشقى
پېرېۋوتنى تەڭشەش بازارلىرىدا تاشقى پېرېۋوتنىڭ ئارتۇق- كېمىنى

تەڭشىشكە رۇخسەت قىلىندۇ. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار تەستىقلانغان تىجارەت دائىرىسى ئىچىدە ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى مەملىكەت ئىچىدىكى بازارلاردا ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلار ئورنىدا سېتىشقا ۋە تاشقى پېرېۋوت ئېلىشقا رۇخسەت قىلىندۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، دۆلەت ۋە جايلارنىڭ بىر تۇتاش تىجارەت قىلىشىغا تەۋە بولمىغان، ئېكسپورت قىلىش رۇخستى ئېلىش زۆرۈرىيىتى بولمىغان ۋە نورمىدىكى پىلاندىن سىرت تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلىشقا تەشكىللەشكە بولىدۇ. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان كارخانىلار قەرز ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا، ئىتىبار قىلىنىدۇ. كۆچمە مەبلەغ قەرزى كارخانىلارنىڭ ئۆز مەبلىغىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن يۇقىرىنى ئىگىلەشكە بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىنى بوشۇشىمۇ بولىدۇ.

(5) تەستىقلاش رەسمىيەتلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسىدىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تەكلىپنامىدىكى مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى ھەمدە توختامى، نىزامنامىسى قاتارلىقلارنى تەستىقلايدىغان ئورگانلار بارلىق دوكلات - ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ 30 كۈن ئىچىدە تەستىقلاپ بولۇش كېرەك. تەستىقلانغانلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى پىلانىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كارخانا قۇرسا، تېلېگراما بېرىش، زىيارەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مەبلەغ سالماقچى بولغان تۈرلەر ئۈستىدە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا (مەسلەن، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىقتىساد - سودا تارماقلىرى يا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى مۇھاجىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى ) ياكى ھەر قايسى جايلاردىكى
ھاۋالە قىلىش ، مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتلىرىغا تەكلىپ بەرسە ،
شۇنداقلا جۇڭگونىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرىنىڭ نو-
رۇنلارنى ئالاقىلىشىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلسىمۇ بولىدۇ . ئۇنىڭدىن
كېيىن تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجە-
رىش كېرەك :

جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى ، ھەمكارلىقىدىكى كارخا-
نىلارنى تەسىس قىلىشتا ، ئالدى بىلەن جۇڭگودىكى ھەمكارلاشقان
شېرىك ئورۇنلار تۈرلەر تەكلىپنامىسىنى تەستىقلاش ئورۇنلىرىغا
يوللاپ تەستىقلىتىدۇ . تۈرلەر تەكلىپنامىسى تەستىقلانغاندىن كېيىن ،
جۇڭگودىكى شېرىك ئورۇنلار ھەمكارلىشىدىغان شېرىكلەرنى تاللاش-
قا باشلايدۇ ھەمدە ئىككى تەرەپ ھەمكارلاشماقچى بولغان كونكرېت
مەزمۇنلار ئۈستىدە سۆھبەتلىشىدۇ . سۆھبەت ئاساسىي جەھەتتىن بىر-
لىككە كەلگەندىن كېيىن ، ئىككى تەرەپ ئورتاق ھالدا تۈرلەر مۇمكىن-
چىلىك تەتقىقاتىنى ئىلىپ بېرىپ ھەمدە مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلا-
تىنى بېكىتىپ ، تەستىقلاش ئورگانلىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىدۇ . تۈر-
لەر مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى تەستىقلانغاندىن كېيىن ، جۇڭ-
گو ، چەت ئەل ئىككى تەرەپ شېرىكلەشكەن ياكى ھەمكارلاشقان كار-
خانىلارنىڭ توختام ۋە نىزامنى ئىمزالاپ ، تەستىقلاش ئورگانلىرىغا
يوللاپ تەستىقلىتىدۇ . تەستىقلانغاندىن كېيىن ، تەستىقنامە تارقىتىپ
بېرىلىدۇ . ئىلتىماس قىلغۇچى تەستىقنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر ئاي
ئىچىدە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا بېرىپ
تىزىملاش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ ، تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى
ئالىدۇ .

چەت ئەل سودىگەرلىرى مۇستەقىل مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى
تەسىس قىلىشتا ، چەت ئەل سودىگەرلىرى ياكى چەت ئەل سودىگەر-

لىرىنىڭ ۋەكالەتچىلىرى كارخانا قۇرۇلىدىغان ئورۇندىكى چەت ئەل مەبلىغىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ئىلتىماس، مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى، كارخانا نىزامنامىسى، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ قانۇنىي ئەھۋالىنىڭ ئىسپات ھۆججىتى ۋە مەبلەغ - ئامانەت قەرز ئىسپات ھۆججىتىنى قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇپ، تەستىقلاش ئورگانلىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىدۇ. تەستىقلانغاندىن كېيىن، تەستىقنامە تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ئىلتىماس قىلغۇچى بىر ئاي ئىچىدە شۇ يەردىكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا بېرىپ تىزىملاش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ، تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى ئالىدۇ.

65. دۆلەتنىڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ مەبلەغ ئىنانە قىلىپ جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئائىت قانداق بەلگىلىمىلەر بار؟

جاۋاب: دۆلەت جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ مەبلەغ، ماددىي بۇيۇم، ئۈسكۈنە قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاستە ئىشلىتىپ، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش، شۇنداقلا ھەر خىل جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قارشى ئالىدۇ ھەمدە ئۆز رازىلىقى بىلەن ئىئانە قىلىش پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ھەر قانداق ئورگان، تەشكىلات، مەكتەپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىئانە توپلاشقا دەۋەت قىلىشىغا، ئىئانە توپلاش نامىدىن پايدىلىنىپ مۇھاجىرلارنىڭ ئىمپورت قىلغان ماللىرىنى ئېلىپ - سېتىپ پايدا ئۇندۇرۇۋېلىشىغا، ئالماشتۇرۇۋېلىشىغا، قانۇن - تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىئانە قىلىش يولى ئارقىلىق ئىمپورت قىلىنغان سودا ماللاردىن پايدىلىنىپ، چەت ئەل پۇلى ھايانكەشلىكى قىلىشىغا، باج تاپشۇرۇشتىن قېچىشىغا بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

ئەمانە قوبۇل قىلغان ئورۇن چوقۇم مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بېرىشى كېرەك.

**66. دۆلەت مۇھاجىرلار پۇلىنى قوغداشتا قانداق بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان؟.**

**جاۋاب:** دۆلەتنىڭ مۇھاجىرلار پۇلىغا قارىتىلغان سىياسىتى: «مۇھاجىرلار پۇلىنى ئىشلىتىشكە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىپ، مۇھاجىر قېرىنداشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش». دۆلەتنىڭ مۇھاجىرلار پۇلىنى قوغداش سىياسىتى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) دۆلەت قانۇنى مۇھاجىرلار پۇلىنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. مۇھاجىرلار پۇلىنىڭ كىرىمى مەڭگۈ شەخسلەرنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ ھەمدە توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، بايرام قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلارغا ئەركىن ئىشلىتەلەيدۇ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

(2) مۇھاجىرلار پۇلىنى قاچان كەلسە شۇ چاغدا ئايرىپ بېرىش، ئاسۇرۇپ قويماسلىق، ئايرىپ بەرگەندە ئۈچكە قاتتىق كاپالەتلىك قىلىش (يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، مەخپىيەتلىككە كاپالەتلىك قىلىش، بانكىغا قويۇش-ئېلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش) كېرەك. مۇھاجىرلار پۇلىنى بەرگەندە نەق پۇل بېرىش كېرەك.

(3) ھەر قانداق شەخس ياكى تەشكىلاتلارنىڭ مۇھاجىرلار پۇلى ئىگىلىرىدىن مەجبۇرىي پۇل ئۆتنە ئېلىشىغا، مۇھاجىرلار پۇلىنى ئۆز بېسىمچىلىق بىلەن تەكشۈرۈشكە ھەمدە مۇھاجىرلار پۇلىغا ھەر قانداق باھانە-سەۋەب بىلەن دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ. مۇھاجىرلار پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلەتكەن، ئۆزىنىڭ قىلمىشال-

ﻐﺎن، ساختىلىق بىلەن ئېلىنىۋالغان، ئوغرىلىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ.

٣ ٤ ) مۇھاجىرلار پۇلىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈپ، بەلگىلىك مىقداردا ماددىي ئەشيا بىلەن ئەمسلەش چېكى بەلگىلىمە بويىچە تارقىتىپ بېرىلىدۇ. شۇ چەك بىلەن بەلگىلەنگەن ماگىزىنلار-دا، بازارلاردا قىس بولۇۋاتقان تاۋارلارنى سېتىۋالالايدۇ؛ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى خەلق پۇلىنى مۇددەتلىك ئامانەت قويۇشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈمى ئادەتتىكى خەلق پۇلى ئامانىتىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ؛ ئاشقى پېرىۋوت ئامانىتىگە قويۇشقىمۇ بولىدۇ؛ يوللانغان مۇھاجىرلار پۇلىدىن شەخسى تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ.

**67. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ قىسقا مۇددەت تۇغقان يوقلىسا، سودى-گەرچىلىك قىلسا، ئۇلارنىڭ چېگرىدىن كىرىش - چىقىش رەسمىيىتى قانداق بېجىرىلىدۇ؟**

**جاۋاب:** يېڭى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى دۆلەتكە قىسقا مۇددەت قايتىپ كېلىپ تۇغقان يوقلىسا، سودىگەرچە-لىك قىلسا، ساياھەت قىلسا، تىزىملاش رەسمىيەتلىرىنى قايتا بېجىر-مىسىمۇ بولىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئور-گانلىرى تارقىتىپ بەرگەن ساياھەت گۇۋاھنامىسى (مەسىلەن، «جۇڭ-خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ساياھەت گۇۋاھنامىسى») بىلەن چېگرى-دىن كىرىش - چىقىشقا بولىدۇ. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئۆزى تۇرۇۋات-قان يېرىگە قايتىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، قايتىشتىن ئىلگىرى ئۆزى تۇرۇۋاتقان يېرىگە قايتىش كىنىشكىسى ۋە ۋىزىلارنى بېجىرىپ بولۇش كېرەك.

شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە تۇغقان يوقلاش، سودىگەرچىلىك قىلىش، ساياھەت قىلىشقا كەلمەكچى بول-

سا ، «شىائگاڭلىق ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ يۇرتىغا قايتىش ئىسپاتى» بىلەن چېگرىدىن كىرىپ - چىقسا بولىدۇ.

تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە تۇغقان يوقلاش ، سودىگەرچىلىك قىلىش ، ساياھەت قىلىشقا كەلمەكچى بولسا ، جۇڭگونىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ياكى كونسۇلخانىسىدىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ساياھەت كىنىشكىسى»نى ياكى شىائگاڭدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو ساياھەت ئىدارىسىنىڭ بېجىرىپ بېرىشىنى ، ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىزلىرىغا بىۋاستە كېلىپ ، چېگرا ئېغىزى تەكشۈرۈش پونكىتىدىن چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ.

**68 . جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىلگىرى شىنجاڭدا ، ھازىر چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىغا قانداق پوزىتسىيە تۇتىدۇ ؟**

**جاۋاب :** ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھازىر چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ، جۇڭگو ئۇلارغا نىسبەتەن رېئال پوزىتسىيىدە بولۇپ ، چەت ئەللەردە مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو دۆلەت تەۋەلىكىنى ساقلاپ قالغانلارغا جۇڭگو مۇھاجىرلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ ؛ ئولتۇراقلاشقان دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەرگە جۇڭگو تەۋەلىكىنى ئۆزلۈكىدىن يوقاتقانلار دەپ ھېسابلاپ ، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ، مۇھاجىر تۇغقانلىرى ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇغقانلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تۇغقان يوقلىشىنى ، ساياھەت قىلىشىنى ، مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىمىز. ئۇلارنىڭ

جۇڭگو بىلەن ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان دۆلەتنىڭ دوستانە ھەمكارلىقى-
نى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ئۈ-
چۈن كۆپرەك پايدىلىق ئىش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۆتكەن ئون يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىن ۋەتىنىگە تۇغقان يوقلىغىلى، ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت قىلغىلى
كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگو-
لۇقلاردىن 56 مىڭ 900 نەچچە كىشىنى كۈتۈۋالدى ھەمدە بىر قىسىم
دۆلەتكە قايتىپ ئولتۇراقلىشىدىغانلارنى ئورۇنلاشتۇردى. مۇبادا
ئىتتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر كېلىش - كېتىش ئەركىنلىكى بۇرسىتى-
دىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇلغۇنچىلىق قىلىدىغان،
ھەتتا دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار
بىلەن ئالاقە باغلاپ ۋە تىل بىرىكتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇز-
غۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدىغان
بولسا، جۇڭگو قانۇنى ئۇلىرغا مۇتلەق يول قويمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**69. شىنجاڭدا قانداق ساياھەت ئورۇنلىرى بار؟ شىنجاڭ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ساياھەت ئورۇنلىرىنى يەنىمۇ مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش توغرىسىدا قانداق ئويلىشىۋاتىدۇ؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭنىڭ ساياھەت ئورۇنلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئىجتى-
مائىي ساياھەت ئورۇنلىرى ۋە تەبىئىي ساياھەت ئورۇنلىرىدىن ئىبا-
رەت ئىككى جەھەتتىلا توختالساق، ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكىلەر:

(1) قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم بۆلىكى بار ۋە مەدەنى-
يەت يادىكارلىقلىرىنىڭ خارابىلىرى ناھايىتى كۆپ. دۇنياغا مەشھۇر
«يىپەك يولى» شىنجاڭغا سوزۇلۇپ كىرگەندىن كېيىن، جەنۇب، ئوت-
تۇرا، شىمالدىن ئىبارەت ئۈچ يولغا بۆلۈنگەن. «يىپەك يولى» بوي-
لىرىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى قەلئە، قەدىمىي
قەبرىستانلىق، تاش ئۆڭكۈر، تاش ئابىدە، تىم قاتارلىق بۇرغۇلە-

غان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنتايىن كۆپ. ھازىر شىنجاڭدا دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان جايدىن يەنە ئىدىقۇت، يارغول قەدىمكى قەلئەلىرى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، قىزىل مىڭئۆيى، ئىمىن ۋاڭ مۇنارى، كىروران قەدىمكى شەھىرى قاتارلىق ئون ئورۇن بار. بولۇپمۇ ئىدىقۇت قەدىمكى قەلئەسى بىلەن يارغول قەدىمكى قەلئەسىگە ئوخشاش كۆلىمى غايەت زور، پۇختا ياسالغان ئىمارەتلەر جۇڭگودىلا ئەمەس، دۇنيا بويىچىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن 100 دىن ئارتۇق ئورۇن بار.

( 2 ) ئاجايىپ كۆركەم، ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىلەر كۆپ. شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە بولۇپ، تەۋەلىكىدە ئېگىز ھەيۋەتلىك مۇزلۇقلار، قارلىق چوققىلار، زۇمرەتتەك كۆچمە مۇزلۇقلار، ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان دەريالار، مۇنبەت ئويمانلىقلار، گۈزەل چەكسىز يايلاقلار، بىپايان قۇملۇقلار، كۆز يەتمەيدىغان چۆللۈكلەر، تۇتاش كەتكەن بوستانلىقلار، سانجاق - سانجاق ئېگىز تاغلار ۋە تىنىق كۆللەر قاتارلىق ئاجايىپ كۆركەم تەبىئىي مەنزىرىلەر بار. مەنزىرىلىك مەشھۇر جايلاردىن بوغدا كۆلى، قاناس كۆلى، بايىنبۇلاق ئاققۇ كۆلى، سايرام كۆلى، ئۈرۈمچى جەنۇبىي تاغ مەنزىرە رايونى، تۇرپاندىكى يالقۇنتاغ قاتارلىقلار بار. ھازىر شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن قارلىق چوققىلىرىدىن 11 ى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭدا يەنە 20 نەچچە تەبىئىلىكى قوغدىلىندىغان رايونى بار.

( 3 ) ئۆزگىچە خىلمۇخىل مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى بار. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر قىزغىن، مېھماندوست كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بار، بۇ ئۇلارنىڭ ئاجايىپ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

كىيىم - ئېچەك ، يېمەك - ئىچمەك ، ئۆي - جاي ، يورۇش - تۇرۇش ، ئۆلۈم - يېتىم ، توي - تۆكۈن ، ھېيت - بايرام ، باردى - كەلدى ، قا- ئىدە - يوسۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە قويۇق مىللىي تۈس ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە .

شىنجاڭنىڭ ساياھەت تەشكىللى ئاپپاراتلىرى چېگرا ئىچىدىكى بۇ باي ساياھەت ئورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ھەر خىل ساياھەت پا- ئالىيەتلىرىنى ، مەسىلەن ، قەدىمكى « يىپەك يولى »نى ساياھەت قى- لىش ، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ، ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن ئۇقۇشۇش- قۇملۇقنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ، تاغقا چىقىش ، يايلاقلارنى سايا- ھەت قىلىش ھەمدە ئاپتوموبىل ، موتسىكلىت ، ۋېلسىپىتلەر بىلەن سا- ياھەت قىلىش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇردى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ھەر يىلى قەشقەر ، سايرام كۆلى ساياھەت رايونى ، تۇرپاندا قۇر- بان ھېيت ، نادام يىغىنى ۋە ئۈزۈم بايرىمى قاتارلىق ساياھەت - باي- رام تۈسىنى ئالغان پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى .

شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇ- رۇش ئۈچۈن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ مۇنداق بېكىتتى : بۇنىڭدىن كېيىن ، ئۆز رايونىنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ساياھەت ئورۇنلىرىنى تېخىمۇ تولۇق مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىپ ، شىنجاڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە ساياھەت تورلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ساياھەت رايونلىرى ( نۇقتىلىرى )نى پىلانلىق ئېچىپ قۇرۇش ، سايا- ھەت كەسپىگە ئائىت قاتناش ، تۇرالغۇ ، يېمەك - ئىچمەك ، سەيلە - ساياھەت ، سېتىش ، كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىبارەت ئالتە ئامىلنى تەدرى- جىي يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ، « يىپەك يولى »نىڭ جەنۇب ، ئوتتۇرا ، شىمال ئۈچ يولىنىڭ ساياھەت تەسلىھەلىرىنى يۈ- رۈشلەشتۈرۈشنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەپ ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى

تەربىيلەشنى كۈچەيتىپ، ھەر تەرەپلىمە كۈتۈۋېلىش قابىلىيىتىنى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

70. چەت ئەللىكلەر ۋە شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ھەمدە چەت ئەلدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلماقچى بولسا، قانداق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىدۇ؟

جاۋاب: ساياھەتچىلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، 1979 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئۇ دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ساياھەت ئىشلىرىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ. ھەر قايسى ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنىڭ ھەممىسىدە ساياھەت ئىشلىرىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى كېيىن - كېيىندىن قۇرۇلدى ياكى شۇ يەردىكى تاشقى ئىشلارنى ئاساسلىق باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋەكالىتەن باشقۇردى. ھازىر، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى 1979 - يىلدىكى ئىككىدىن تەرەققىي قىلىپ 24 كە يەتتى. ئۇ ئاساسەن خەلقئارا ساياھەت جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى، جۇڭگو ساياھەت جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ ياشلار ساياھەت جەمئىيىتى، شىنجاڭ تەنتەربىيە ساياھەت شىركىتى، جۇڭگونىڭ ساياھەت باش شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، جېنچياۋ ساياھەت شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ساياھەت جەمئىيىتى، شىنجاڭ غەربىي يۇرت ساياھەت جەمئىيىتى، شىنجاڭ تەبىئەت ساياھەت جەمئىيىتى، شىنجاڭ مەدەنىيەت ساياھەت مۇلازىمىتى شىركىتى، شىنجاڭ بوستان ساياھەت جەمئىيىتى، تيانشان ساياھەت جەمئىيىتى، شىنجاڭ چەت ئەل ساياھەت باش شىركىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش

مېھمانخانىلىرىدىن 51 ى بار بولۇپ، ئۇلاردا 5800 ئېغىز ياتاق
ئۆي، 15 مىڭ 500 كارىۋات بار، ھەر قايسى ساياھەت جەمئىيەتلە-
رى، مېھمانخانىلار، ساياھەت ئاپتوموبىلى مۇلازىمەت شىركەتلىرىدە
جەمئىي 5000 كىشى ئىشلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ئو-
رۇنلارنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى ۋە ئۆستى.

شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر
جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت جەمئىيىتى، جۇڭگو ساياھەت جەمئىيىتى،
شىنجاڭ چەت ئەل ساياھەت باش شىركىتى ياكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان
مۇناسىۋەتلىك باشقا ئورگانلار بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ.

# مائارىپ، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت

71 . جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە قارىتا قانداق سىياسەتلەرنى قوللاندى ؟

جاۋاب : جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ، ئۇنى قوغداش ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش سىياسىتىنى تۈزدى . شىنجاڭدا بۇ سىياسەتنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ :

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى . ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشىنى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، شىنجاڭدا 1950 - يىلىلا تىل - يېزىق تەتقىقات يېتەكچىلىك كومىتېتى تەسىس قىلىنغانىدى . كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىككى دەرىجىلىك مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىندى ھەمدە مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى ئاخبارات ، نەشرىيات ، مائارىپ ، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ ئاساس خاراكتېرلىك تەتقىقاتى ، ئەمەلىي تەتقىقات ۋە ئۆلچەملەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرمۇ كۈچەيتىلىشكە باشلىدى . مەسىلەن ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى » ، « ئۇيغۇر تىلى تەلەپپۇز قائىدىلىرى » ، « قازاق تىلىنىڭ ئىملا قائىدى-

سى » ، « قىرغىز تىلىنىڭ ئىملا قا-
ئىدىسى » قاتارلىقلار تۈزۈلۈپ ۋە ئېلان قىلىنىپ ، ھەر قايسى مىللەت-
لەرنىڭ تىل - يېزىقى قېلىپلىشىش ، ئۆلچەملىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ
تەرەققىي قىلدى ھەمدە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە لازېر
نۇر ئارقىلىق ھەرپ تىزىش - بېسىش قاتارلىق تېخنىكىلار قوللىنىل-
دى . ئۇنىڭدىن باشقا نەچچە ئون خىل قورال كىتابلار نەشر قىلىن-
دى . مەسىلەن ، « خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت » ، « ئۇيغۇرچە - خەن-
زۇچە لۇغەت » ، « خەنزۇچە - قازاقچە لۇغەت » ، « قازاقچە - خەنزۇچە
لۇغەت » ، « موڭغۇلچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرما لۇغەت » ، « خەنزۇچە -
ئۇيغۇرچە پەن - تېخنىكا لۇغىتى » ، « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغ-
تى » ( ھازىر ئۈچ تومى نەشر قىلىنىپ بولدى ) ، « ئۇيغۇرچە ئىملا
لۇغىتى » ، « قازاقچە ئىملا لۇغىتى » ، « قىرغىزچە ئىملا لۇغىتى » قا-
تارلىقلار ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى بېيىتتى ۋە را-
ۋاجلاندۇردى .

تارىخي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قوغدالدى . « جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇ-
نى » غا ئاساسەن ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلى-
رىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش توغرىسىدا بىرقانچە بەلگىلىمە » نى ما-
قۇللاپ ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ، باشقۇرۇش ۋە ئۇ-
نىڭدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى ھەمدە دۆ-
لەت ئىدىقۇت قەدىمكى قەلئەسى ، يارغول قەدىمكى قەلئەسى ، قىزىل
مىڭئۆيى ، ھېيتكا جامەسى قاتارلىق ئون ئورۇننى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق
قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى تەس-
تىقلاپ ، 154 ئورۇن ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدە-
نىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قىلىپ بەلگىلىدى . مەدەنىيەت يادىكار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ىقىلىرىنى قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن مەسچىت، بۇتخانا، قە-
دىمكى قەبرىستانلىقلار، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پۇل
ئاجرىتىپ رېمونت قىلىندى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى توپلاندى ۋە
رەتلەندى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى
توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى
قۇرۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەر ئىشلەندى. مەسىلەن، شىنجاڭدى-
كى موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان خەلق ئېغىز
ئەدەبىيات - سەنئىتى بولغان جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
مەشھۇر ئۈچ چوڭ تارىخىي داستانى «جاڭغىر»، «ماناس» ۋاقتىدا
قۇتقۇزۇۋېلىندى ۋە رەتلەندى ھەمدە توتو، خۇدۇم يېزىقىدىكى موڭ-
غۇللارنىڭ «جاڭغىر» داستانىنىڭ 1-، 2-تومى ۋە خەنزۇچە 15 با-
بى نەشر قىلىندى؛ قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانىنىڭ 1-كىتابى
قىرغىزچە ۋە خەنزۇچە نەشر قىلىندى. ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مەش-
ھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىقلارنىڭ ئۇي-
غۇرچە، خەنزۇچە كىتابى نەشر قىلىندى. باشقا مىللەتلەرنىڭ قەدىم-
كى ئەسەرلىرىمۇ خېلى تولۇق توپلاندى ۋە رەتلەندى. ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر ۋە باشقا ئەنئە-
نىۋى ئەدەبىيات - سەنئىتى خېلى ياخشى قوغدالدى، ۋارىسلىق قى-
لىندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار مۇزىكىلىرىنىڭ ئا-
نىسى دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن «12 مۇقام» 1949-يىلدىن ئىلگىرى،
ئېغىزدىلا ئېيتىش شەكلىدە كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەنىدى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە فېئودالىزم كۈچلىرىنىڭ بوغۇشىغا ئۇچرىغانلىقتىن،
ئۇنى ئېيتقۇچى سەنئەتكارلار بارغانسېرى ئازىيىپ، يوقىلىش گىردا-
بىغا بېرىپ قالغانىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كې-
يىن، ھۆكۈمەت بۇ بىباھا مۇزىكا مىراسىنى قۇتقۇزۇۋېلىش [illegible]

كۈگۈل بولدى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ ئاجرىتىپ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرىنى «12 مۇقام» نى توپلاش، ئۇنىڭغا ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەش، نوتىغا سېلىش ۋە رەتلەش ئىشلىرىنى ئىسىلەشكە تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلۇپ، ھەر خىل شەكىللەردە «12 مۇقام» نى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. ھازىر ئاۋازغا ئېلىنىپ يىغىپ ۋە رەتلەپ چىقىلغان «12 مۇقام» 300 سائەتتىن ئارتۇق بولۇپ، 322 بۆلەك، جەمئىي 1000 دىن ئارتۇق بېيىتتىن تەركىب تاپقان. «12 مۇقام»، «ناۋا مۇقامى»، «ئەجەم مۇقامى»، «پەنجىگاھ مۇقامى»، «ئۇزھال مۇقامى»، «ئۇششاق مۇقامى» لىنتىغا ئېلىنىپ تارقىتىلدى. قالغان يەتتە قىسمىمۇ داۋاملىق لىنتىغا ئېلىنىپ نەشر قىلىنىدۇ.

شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 4 - قېتىملىق خەلقئارا ئەنئەنىۋى سەنئەت بايرىمىدا، شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 10 - قېتىملىق ئاسىيا سەنئەت بايرىمىدا، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 4 - قېتىملىق «بېيجىڭ مۇزىكا كېچىلىكى» يىغىنىدا، پاكىستاندا زىيارەتتە بولۇپ ئويۇن قويغاندا قىزغىن ئالقىشلاندى ۋە يۇقىرى باھا بېرىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يەنە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمەكلىرى بار؛ شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى قۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق ئازسانلىق مىللەت سەنئەتچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا «كۆي - ئاھاڭلار. شىنجاڭ قىسمى»، «ئەلنەغمە. شىنجاڭ قىسمى»، «خەلق ناخشىلىرى. شىنجاڭ قىسمى»، «ئۇسسۇللار. شىنجاڭ قىسمى»، «چۆچەكلەر. شىنجاڭ قىسمى»، «ماقال - تەمسىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەر. شىنجاڭ قىسمى» قاتارلىق ئون چوڭ توپلام رەتلىنىپ نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

72. **شىنجاڭدا ھازىر قانداق مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى، ئاپپاراتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى بار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىلىك مەدەنىي تۇرمۇش ئەھۋالى قانداق؟**

**جاۋاب:** ھازىر شىنجاڭ بويىچە ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت يۇرتىدىن 15 ى، مەدەنىيەت يۇرتىدىن 91 ى، ئۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن 71 ى، مەدەنىيەت پونكىتىدىن 762 سى (ئۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتىدىن 706 سى)، ئاممىۋى كۇتۇپخانىدىن 62 سى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرى ئاپپاراتلىرىدىن 39 ى، كىنو فىلىمى تارقىتىش ئاپپاراتىدىن 93 ى، كىنو قويۇش ئورنىدىن 2351 ى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى، شىنجاڭ دراما ئۆمىكى قاتارلىق 95 كەسپىي ئويۇن قويۇش تەشكىلاتى ۋە 10 مىڭ كىشىگە يېقىن كەسپىي سەنئەت خىزمەت ئەترەتلىرى بار.

تىيانشاننىڭ شىمال ۋە جەنۇبلىرىغا كەڭ تارقالغان بۇ بىر قىسىم مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى، ئاپپاراتلىرى، تەشكىلاتلار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا پائال تۈردە مۇھىم روللارنى ئوينىدى. ھازىر، ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى كۈندىن - كۈنگە جانلىنىپ، پائالىيەت تۈرلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە. ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەر - بازارلاردا زامانىۋى بېزەلگەن، ياغراتقۇ ۋە رەڭگارەڭ چىراغ مۇئەسسەسەلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان كارا OK ناخشا - تانسىخانىلار ۋە باشقا ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بار بولۇپ،

ئۇ سورۇنلاردا دائىم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئويسىلىدىغان ئىسىل سەنئەت نومۇرلىرىدىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ؛ تىياتىرخانىلاردا ئوينىلىدىغان ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ئەنئەنىۋى ۋە زامانىۋى تىياتىرلاردىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ؛ كىنوخانىلاردا ئوخشىمىغان تىللاردىكى چەت ئەل كىنولىرىنى، تېلېۋىزورلاردا ھەر خىل تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ۋەھاكازالار. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىمۇ خېلى ياخشىلاندى. دېھقان، چارۋىچىلار دائىم ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇللىرى ۋە باشقا ماھارەت كۆرسىتىش سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرەلەيلا قالماي، بەلكى يەنە دائىم بەيگە، قىزقوۋار، چەۋەندازلىق، ئوغلاق تارتىشىش، چەۋگەن ئويناش قاتارلىق خىلمۇ خىل مول تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ.

**73 شىنجاڭدا مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟**

**جاۋاب:** 1949 - يىلدىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا بىرلا ئالىي مەكتەپ (شىنجاڭ شۆيۈەنى) بار ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئارانلا 379 ئوقۇغۇچىسى، جۈملىدىن 185 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى ھەر خىل مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 200 مىڭغا توشمايتتى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 19.8%، ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 90 پىرسەنتتىن يۇقىرى ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇ تەدبىرلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىلەر:

(1) مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئومۇمىي پىلانى تۈزۈش ۋە خە-

راجەت ھەمدە ئاساسي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ ئاجراتقان ۋاقىتتا ، ئال-
دى بىلەن مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە
قىلدى .

( 2 ) ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىنىڭ سىنىپ ، ياتاق قۇرۇلۇ-
شى ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيلەش ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزى-
قىدىكى دەرسلىكلەرنى تۈزۈش ، تەرجىمە - نەشر قىلىش قاتارلىق
ئاساسي قۇرۇلۇش تۈرلىرى جەھەتتە ، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى
يولغا قويۇپ كۆچىنىڭ بارىچە ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىنىڭ ئو-
قۇتۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى
ئۈستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى .

( 3 ) چېگرا ناھىيە ۋە نامرات ناھىيەلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت
تولۇقسىز ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن « ئىككىنى
كەچۈرۈم قىلىش » ( ئوقۇش خىراجىتى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش ،
دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش ) سىياسىتىنى
يۈرگۈزۈپ ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپ-
لەرگە ئوقۇش ياردەم پۇلىنى كۆپەيتىپ بەردى . تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپ ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان قىيىنچى-
لىقى بار ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا مەخسۇس ئوقۇش يار-
دەم پۇلى تەسىس قىلدى . ئەسلى مائارىپ تەرەققىياتى بىر قەدەر
قالاق بولغان قىرغىز ، تاجىكلارغا ھۆكۈمەت تاماق ، كىيىم ، ئوقۇش ،
تۇرمۇش ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلەيدىغان قىرغىز ، تاجىك تولۇقسىز
ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇپ بەردى .

( 4 ) ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى تىرىشىپ
ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە ئىچكىرىدىكى ئالىي مەك-
تەپلەردە شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر سىنىپىنى ئېچىپ ئىچكىرىدىكى
ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ، شىنجاڭدىكى ئاز

سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1980 - يىلدىن بۇيان، ئىچكىرىدىكى 46 ئالىي مەكتەپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ سىنىپىدىن 110 نى ئېچىپ، 3500 دىن ئارتۇق شىنجاڭ ئاز سانلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۆكۈمەت يەنە بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش، بىلىم ئاشۇرۇشقا ئاللاپ ئەۋەتتى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، روسىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ۋە ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان 250 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى تەخمىنەن 50 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

40 نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىسىدا، شىنجاڭ كەڭ شەھەر، يېزىلارغىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تەييارلىق سىنىپ مائارىپى، باشلانغۇچ مائارىپى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ۋە ئالىي مائارىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر 21 گە، ئوقۇغۇچىلىرى 31 مىڭدىن ئارتۇققا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 56 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلىرى 112 بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى 45 مىڭدىن ئارتۇققا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 52 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر 1958 بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى 863 مىڭدىن ئارتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 45 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 7247 بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى 1 مىليون 857 مىڭدىن ئارتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 68 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ

ئاھالە ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە
باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار مەملىكەتنىڭ ئوتتۇ-
را سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ
ئاھالە ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئى-
گە كىشىلەر مەملىكەت بويىچە بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئاز
سانلىق مىللەت ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىس-
بىتى يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 91.5 پىرسەنتكە، شەھەرلەردە
96.9 پىرسەنتكە يەتكەن. ئاز سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچىلار-
نىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 85 پىرسەنتكە يەتكەن.

**74. شىنجاڭدىكى مەكتەپلەردە قايسى تىل - يېزىقتا دەرس ئۆتۈلىدۇ؟**

جاۋاب: شىنجاڭدىكى مەكتەپلەردە ئوخشىمىغان ئەھۋاللارغا ئا-
ساسەن، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، رۇس
قاتارلىق يەتتە خىل تىل - يېزىقتا دەرس ئۆتۈلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆز
ئىختىيارى بويىچە قايسى خىل تىل - يېزىقتا دەرس ئۆتۈلىدىغان مەك-
تەپ - سىنىپنى ئۆزلىرى تاللايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر خىل يېزىقتىكى
دەرس ماتېرىياللىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاز
سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈش،
تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىشنى ئاساس قىلغان شىنجاڭ مائارىپ
نەشرىياتى قۇرۇلدى. ھازىر ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شى-
بە قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۈرۈشلەشكەن دەرسلىكلىرى
ئۆز تىل - يېزىقىدا ئىشلىنىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرلار-
نىڭ باشلانغۇچتىن تارتىپ، داشۆگىچە مۇكەممەل بولغان ئۇيغۇر يې-
زىقىدىكى دەرسلىكنى تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋە ئوقۇتۇش سىستېمى-
سى شەكىللەندى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆ-
كۈمىتى روسىيىدىن رۇس يېزىقىدىكى دەرسلىكلەرنى كىرگۈزۈپ، رۇس

مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرماقتا.

**75. ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر شىنجاڭدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېتىبار قىلامدۇ - يوق؟**

**جاۋاب:** تېخىمۇ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە كىرىپ بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر شىنجاڭدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان چاغدا، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياستى يۈرگۈزۈلىدۇ. بۇ سىياسەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئايرىم سوئال چىقىرىش، قوبۇل قىلىش نومۇر چېكىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەپ قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ؛ ئالىي مەكتەپلەرگە خەنزۇ تىل - يېزىقىدا ئىمتىھان بەرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش نومۇر چېكىنى تۆۋەنلىتىپ (خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش نومۇر چېكىدىن تۆۋەن بولىدۇ) قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

**76. شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى قانداق؟**

**جاۋاب:** ئۆتمۈشتە، شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەنرەك ئىدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا، شىنجاڭدىكى ساۋاتسىزلار، چالا ساۋاتلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 95 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى خېلى ئۆستى. 1990 - يىلدىكى مەملىكەت بويىچە 4 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا قارىغاندا، شىنجاڭدا باشلانغۇچ سەۋىيىدىكىلەر 10 مىليون 503 مىڭ 200 گە

يەتكەن بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 3 . 69 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە، داشۆ سەۋىيىسىدىكىلەر 279 مىڭ 600، تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر 1 مىليون 572 مىڭ، تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر 3 مىليون 131 مىڭ 500، باشلانغۇچ سەۋىيىسىدىكىلەر 520 مىڭ 100، ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلار 193 مىڭ 300 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالە سانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، %75 .12 تۆۋەنلىگەن. ھەر 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە ھەر خىل مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكى كىشىلەر مۇنداق: داشۆ سەۋىيىسىدىكىلەر 1845، تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر 10 مىڭ 372، تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر 20 مىڭ 662، باشلانغۇچ سەۋىيىسىدىكىلەر 36 مىڭ 423.

شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ساپاسى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، رايونىڭ ئەڭ ئالدىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر بويىچە 11 - ئورۇندا تۇرىدىكەن

77 . شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟

جاۋاب: 1949 - يىلدىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتى ساھەسىدىكى كەسپىي خادىملىرى يوق دېيەرلىك، پەن تەتقىقات ئەسواب - ئۈسكۈنىلىرى ۋە كىتاب - ماتېرىياللىرى بەكلا كەمچىل، پەن تەتقىقات ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسى تۆۋەن ئىدى. يەنە «دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانى»، «گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش پونكىتى» قاتارلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىمۇ بار - يوق ھېسابىدا تەسىسلاپ قويۇلغانىدى. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاساسىي جەھەتتىن يوق بولۇپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ماتېرىياللىرى چېچىلىپ يوقىلىپ كېتىشى ئېغىر ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ پەن- تېخنىكا ئىشلىرى بەرپا قىلى-
نىشقا ۋە راۋاجلىنىشقا باشلىدى ھەمدە شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي
قىلىشى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى
ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

شىنجاڭنىڭ تەبىئىي پەن ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈ-
چۈن، 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا دۆلەت بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا
خىزمەتچىلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، بىرنەچچە نۇقتىلىق رايونلاردا
گېئولوگىيىلىك، جۇغراپىيىلىك، بايلىق مەنبە قاتارلىقلارنى كۆپ خىل
كەسىپي يەنىلەر بويىچە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى ھەمدە شىنجاڭ ئۈچۈن
بىر تۈركۈم كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردىن دېھقانچىلىق،
چارۋىچىلىق كەسپىي تېخنىك خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇرۇق يې-
تىشتۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى ھەمدە تېخنى-
كىلىق تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ
پەن - تېخنىكا ئىشلىرى تەرەققىياتىغا دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس
سالدى. 1955 - يىلى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق تۇنجى
تەتقىقات ئاپپاراتى — شىنجاڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋى-
چىلىق پەن تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. 1956 - يىلى جۇڭگو پەنلەر
ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرى-
غا كەلگەندە، شىنجاڭدا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات
ئاپپاراتى ۋە تېخنىكا تەرەققىيات ئاپپاراتىدىن 114 ى قۇرۇلدى،
ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 9000 غا يېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پەن تەتقى-
قات خادىملىرى 6000 دىن ئېشىپ كەتتى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلى-
كى تۈزۈمىدىكى ئورۇنلارنىڭ تەبىئىي پەن خادىملىرى 241 مىڭ 500
گە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 238 مىڭ ئاشتى. ئاپتونوم رايون
بويىچە ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە تەبىئىي پەن خادىملىرىدىن ئوتتۇرا

ھېساب بىلەن 815 ى بار بولدى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، پەن-تېخنىكا خىزمەتچىلىرى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقى ۋە تەبىئىي شەرت-شارائىتىنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش، ئەۋزەل بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىش، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېكولوگىيىلىك ياخشى مۇھىتنى بەرپا قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە جەمئىي 4641 تۈر پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى، ئۇنىڭ ئىچىدە 1801 تۈر دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ كېڭەيتىلىپ ئىشلىتىلىشى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا پۈتۈن دۆلەت ئۈچۈنمۇ مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك تۈسكە ۋە مىللىي تۈسكە ئىگە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1956-يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرغاندا، مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلىندى. 1981-يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا مىللەتلەر تارىخى، ئارخېئولوگىيە (1986-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن)، دىن، ئىقتىساد، ئوتتۇرا ئاسىيا، مىللەتلەر ئەدەبىياتى، تىل، قانۇن قاتارلىق توققۇز تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلىندى. 1990-يىلى پۈتۈن ئاكادېمىيىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 250 كىشىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە 192 تەتقىقاتچى ۋە ياردەمچى خادىملار

بار. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىش ۋە مەنىۋى مە-
دەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرى يەنە سىياسىي مەسلىھەت ۋە
نەزەرىيە تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسا-
دىي تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق ئاپپاراتلارنى قۇردى، تەتقىقات
خادىملىرى 300 نەچچىگە يەتتى، ھەر قايسى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنى-
كوم ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە قاراشلىق ئىجتىمائىي
پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىمۇ تەدرىجىي تولۇقلاندى ۋە كۈچەيتىلدى.

**78. شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداق؟**

**جاۋاب:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئە-
زەلدىن مىللەتلەر تەتقىقات خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئاپتو-
نوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك خىزمەت تارماقلىرى ۋە ئىجتىمائىي پەن
تەتقىقات ئورۇنلىرىدا 15 مىللەتلەر تەتقىقات ئاپپاراتى تەسىس قى-
لىپلا قالماي، بەلكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەكتەپلەردىمۇ مىللەت-
لەر نەزەرىيە تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلدى. تەتقىقات ساھە-
سى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى، كەلگۈسى، سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، تىل، دىن، نوپۇس ۋە
ئۆرپ - ئادەت، مىللەتلەر نەزەرىيىسى، سىياسىي قانۇن، مىللەتلەر
مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر مىللەت ئىجتىما-
ئىي پەن تەتقىقات خادىملىرى ۋە مىللەتلەر، دىنىي خىزمەت خادىملى-
رىنىڭ كۆپلەپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر،
قازاق، موڭغۇل، تاتار، ئۆزبېك، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ
كلاسسىك ئەسەرلىرى، مەشھۇر ئەسەرلىرى، ماتېرىياللىرى ۋە ھۆج-
جەتلىرى توپلاندى، رەتلەندى ۋە تەرجىمە قىلىندى، «جەنۇبىي شىن-
جاڭ يېزىلىرىنىڭ ئەھۋالى»، «شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالى »، « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى »، « شىنجاڭ يەرلىك تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تاللانما » ۋە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەر تۈزۈلدى ۋە نەشىر قىلىندى. بۇ شىنجاڭنىڭ يەرلىك قانۇنلىرىنى تۈزۈش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەل قىلغۇچ سىياسەتلىرىنى تۈزۈشنى زور ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، مىللىي رايونلارنىڭ ئاپتونومىيىسىنى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش سىياسىتىنى ئىزچىل توغرا ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئىشلىرىغا كۈچلۈك ماسلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

79. شىنجاڭنىڭ ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟

جاۋاب: 1949 - يىلدىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا پەقەت مىخ مەتبەئەدە بېسىلىدىغان گېزىتتىن بەش خىللا بار ئىدى، ئۇ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە ئۈچ خىل يېزىقتا بېسىلدى. ئالتە سان نەشر قىلىنىپ، ئاز سانلىق شەھەر - بازارلاردىلا تارقىلاتتى، كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا گېزىت دېگەن نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. 1949 - يىلدىن كېيىن، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1990 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى گېزىتلەرنىڭ سانى 61 خىلغا يەتكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى گېزىتلەر 35

خىل بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىبەچە يېزىقلاردا نەشر قىلىندۇ؛ ھەر خىل گېزىت، ژۇرناللار 116 خىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىلەر 67 خىل. شىنجاڭدا توققۇز نەشرىيات بار. 1951 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە نەشر قىلىنغان كىتابلار 19 مىڭ 551 خىل، تىراژى 870 مىليوندىن ئاشقان. ئۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتابلار 15 مىڭ 183 خىل، تىراژى 306 مىليوندىن ئېشىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا كىتاب تۈرلىرى ۋە تىراژى 77.5 ۋە 35.1 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. مەملىكەت بويىچە ھەر خىل كىتابلارنى باھالاشتا 20 نەچچە خىل كىتاب مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم كىتابلار ياپونىيە، ئامېرىكا، روسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق رايونلاردا سېتىلغان.

**80. شىنجاڭنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟**

**جاۋاب:** 1949 - يىلدىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا پەقەت بىرلا رادىئو ئىستانسىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ تارقىتىش ئاپپاراتى خەۋەرلىشىش ئاپپاراتىدىن ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان، تارقىتىش قۇۋۋىتى ناھايىتى ئاجىز، قوبۇل قىلىپ ئاڭلاش دائىرىسى ئۈلكە مەركىزى ئەتراپىدىن ئېشىپ كېتەلمەيتتى.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. ھازىر، رادىئو ئىستانسىسىدىن ئونى قۇرۇلدى. جۈملىدىن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قىسقا دولقۇنلۇق، ئوتتۇرا دولقۇنلۇق تارقىتىش مەركىزى قۇرۇلدى ھەمدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 26 ئوتتۇرا دولقۇنلۇق رادىئو ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئورنى، 30

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەچچە دولقۇندا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىر-
غىزچە بەش تىلدا رادىئو نومۇرلىرىنى ئاڭلىتىدۇ. جۈملىدىن ئوتتۇ-
را، قىسقا دولقۇنلاردا ئاڭلايدىغان ئاھالىنىڭ نىسبىتى 70 پىرسەنت-
كە يېتىدۇ. ئۈنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايوننىڭ 85 ناھىيە، شەھە-
رىدە، 181 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدا سىملىق
رادىئو ئۇزېلى قۇرۇلدى، يەنە 50 ناھىيىدە كىچىك چاستوتىلىق رادى-
ئو پونكىتى تەسىس قىلىندى.
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن 23، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى تارقى-
تىش ئورنىدىن 91، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئورنى-
دىن 275 (سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئېلىپ تارقىتىش پونكىتىنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ) قۇرۇلۇپ بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېۋىزىيە
نومۇرلىرىنى كۆرىدىغان ئاھالىنىڭ نىسبىتى 65 پىرسەنتتىن يۇقىرى،
ئۈرۈمچى قاتارلىق 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە تېلېۋىزىيە ئىس-
تانسىسى، تارقىتىش ئىستانسىسى، ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىلىرى-
نىڭ ھەممىسى تەجرىبە ئالاقە سۈنئىي ھەمراھى ئارقىلىق مەركىزىي تې-
لېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىرىنچى يۈرۈش رەڭلىك تېلېۋىزىيە نومۇرلى-
رىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىدۇ ۋە كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىس-
تانسىسىنىڭ خەۋەرلەر ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى يەنە سۈن-
ئىي ھەمراھ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايون-
لىرىغا تارقىلىدۇ.

**181. شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى-
نىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟**

جاۋاب: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى
تەنتەربىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن كۆ-
ڭۈل بۆلۈپ كەلدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەن-
تەربىيىسىنى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ مۇھىم

تەركىبىي قىسمى قىلىپ، «ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىش، رەھبەرلىكنى
كۈچەيتىش، ئىسلاھات قىلىپ ئۈستۈرۈش، مۇقىم قەدەم بىلەن را-
ۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېننى تۈزدى. بۇ فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە،
شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ھەرىكە-
تى بىر تەرەققىي قىلىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە ھەرىكىتى
مىسلىسىز جانلاندى، ئاپتونوم رايوندا تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە داۋام-
لىق قاتنىشىدىغان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سانى 1 مىليون 500 مىڭ-
دىن ئارتۇققا يەتتى. ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە سەككىز ناھىيە
«مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نام-
غا ئېرىشتى. ئون ناھىيە «ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار
ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربى-
يىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى زامان تەنتەر-
بىيىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپىنچە كەڭ كۆلەم-
دە قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە دۆلەتكە ۋە ئاپتونوم رايونغا بىر تۈر-
كۈم ئىختىساسلىق تەنتەربىيە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. خېلى
كۆپ ئاز سانلىق مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدى-
كى بىر قىسىم چوڭ مۇسابىقىلەردە مۇكاپاتلاندى. ستاتىستىكا قىلىن-
شىچە، 1956 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە، شىن-
جاڭ تەنھەرىكەتچىلىرى خەلقئارالىق مۇسابىقىدە 20 قېتىم چېمپىيونلۇق-
قا ئېرىشكەن؛ مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە 163 ئالتۇن مېدال، 165
كۈمۈش مېدال، 115 مىس مېدالغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز
سانلىق مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى 70 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلە-
گەن.

ھازىر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەر-
بىيىسى قېزىلىش، ئىجتىمائىيلىشىش، ئىلمىيلىشىش يۆنىلىشىگە قا-
راپ سالماق قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلماقتا. يېقىنقى ئون يىلدىن

بويان، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن زور بىر تۈركۈمنى رەتلەپ چىقتى. مەسىلەن، ئوغلاق تارتىشىش، تېز سۈرئەتلىك ئات بەيگىسى، تۆگە بەيگىسى، چېلىشىش، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش، ئات ئۈستىدە تەڭگە ئېلىش، دارۋازلىق، چاقپىلەك، پايپۇز، گەرەتكە، ئوقيا ئېتىش، جانبازلىق، قىز قوۋار، چەۋەندازلىق قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ئىچىدە، تېز سۈرئەتلىك ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش قاتارلىق تۈرلەردە بىرلىككە كەلگەن مۇسابىقە قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، مەملىكەتلىك مىللىي تەنتەربىيە مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. 1985 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭدا ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ، بۇ بىر تۈزۈمگە ئايلاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

**82 . شىنجاڭدىكى دېھقان ، چارۋىچىلارنىڭ ۋە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى قانداق ؟**

**جاۋاب :** ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ، شىنجاڭ بازارلىرىدا تاۋارلار تولۇق ، مال باھاسى مۇقىم ، يېزا - بازارلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىرىمى ئۇدا مۇقىم ئۆسۈپ ، تۇرمۇش سەۋىيىسى كۈنسايىن ئۆستى .

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە ، 1990 - يىلى ، شىنجاڭدىكى دېھقان ، چارۋىچىلارنىڭ ئادەم بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 622 يۈەنگە يېتىپ ، ئامىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان ، بىر قىسىم دېھقان ، چارۋىچىلار بىر قەدەر باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان . ئادەم بېشىغا يىللىق ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئاساسلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمال مىقدارى مۇنداق : ئاشلىق 246 كىلوگرام ، كۆكتات 122 كىلوگرام ، يېمەكلىك ماي سەككىز كىلوگرام ، گۆش تورقۇز كىلوگرام ، سۈت سەككىز كىلوگرام ، تۇخۇم ئىككى كىلوگرام ، مېۋە - چېۋە 42 كىلوگرام ؛ ھەر 100 ئائىلىگە ئۇنئالغۇ ، تېلېۋىزور ، كىرئالغۇ قاتارلىق مۇھىم چىدامىلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 32 ، 34 ۋە 13 تىن توغرا كېلىدىكەن ؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆينىڭ كۆلىمى 14 كۋادرات مېتردىن كېلىدىكەن .

شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى خېلى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان . 1990 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1476 يۈەنگە يېتىپ ، تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئېلىشقا ئىشلىتىدىغان خىراجىتى 1350 يۈەن بولدى ؛ يىلىغا ھەر بىر كىشىگە ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئاساسلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمال مىقدارى مۇنداق : ئاشلىق 129 كىلوگرام ، كۆكتات 411 كى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لوگرام ، يېمەكلىك ماي ئون كىلوگرام ، گۆش 19 كىلوگرام ، تۇخۇم ئالتە كىلوگرام ، سۈت 16 كىلوگرام ، مېۋە - چېۋە 58 كىلوگرامدىن توغرا كېلىدىكەن ؛ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 ئائىلىگە 103 تېلې- ۋىزور ، 86 ئۈنئالغۇ ، 11 تىن توڭلاتقۇ ، 80 دىن كىرئالغۇ ، 24 تىن فوتو ئاپپاراتى ، 15 تىن ھەر خىل ئوتتۇرا ، ئالىي دەرىجىلىك مۇزىكا ئەسۋابلىرىدىن توغرا كېلىدىكەن ؛ ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى كىشى بې- شىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.8 كۋادرات مېتىردىن توغرا كېلىدىكەن .

83 . **دۆلەت شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارغا قانداق يار - يۆلەك بو- لۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى ؟**

جاۋاب : دۆلەت شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئېتىبار بېرىپ كەلمەكتە ھەمدە مالىيە كۈچى ، ماد- دىي كۈچ قاتارلىق تەرەپلەردە زور كۈچ بىلەن قوللىماقتا . دۆلەت ۋە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر نامرات رايون ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ، تۇرمۇشىنى قۇتقۇ- زۇش جەھەتتە بىر قاتار سىياسەت ، تەدبىرلەرنى قوللاندى . پەقەت 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىلا دۆلەت شىنجاڭدىكى نامرات را- يونلار ۋە نامرات ئائىلىلەرگە « تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنى تەرەق- قىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش مەبلىغى » ، تۆۋەن ئۆسۈملۈك ۋە قو- شۇمچە پىرسەنتلىك قەرز بېرىش قاتارلىق نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش مەبلىغىدىن 168 مىليون يۈەن ھەمدە باھاغا سۇندۇرۇپ 180 مىليون يۈەنلىك قۇتقۇزۇش ئورنىغا ئىش تېپىپ بېرىش ماددىي بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى تارقىتىپ بەردى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 71 مىليون يۈەن قوشۇمچە پىرسەنتلىك قەرز پۇل ۋە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئوبوروت سوممىسى ئاجرىتىپ ، نام- رات دېھقان ، چارۋىچىلارنىڭ قورسىقى توق ، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى . ھەمدە نامرات رايونلارنىڭ 90 نۇر

سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ، 2800 كىلومېتىر تاشيولنى ياساپ بەردى ۋە رېمونت قىلىپ بەردى . توك سىغىمچانلىقى 90 مىڭ كىلوۋات كېلىدىغان كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى يېڭىدىن كۆپەيتىپ ياساپ بەردى . 11 مىليون مودىن ئارتۇق يەرگە يايلاق ئېچىپ بەردى . 12 مىڭ 600 دىن ئارتۇق مال قوتانلىرىنى ياساپ بەردى ۋە رېمونت قىلىپ بەردى . 5 مىڭ 900 كىلومېتىردىن ئارتۇق چارۋا يوللىرىنى ، 1800 كىلومېتىردىن ئۇزۇن ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ياساپ بەردى ، 800 دىن ئارتۇق قۇدۇق قېزىپ بەردى ، 710 مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ بەردى . 1 مىليون مودىن ئارتۇق ئوتتۇرا - تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ياخشىلاپ بەردى ، يېڭىدىن بىر تۈركۈم ناھىيە ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ۋە ئامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇپ بەردى . دۆلەت يەنە 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ، شىنجاڭ بويىچە ئامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئەڭ چوڭ تۈرى — پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈر قۇرۇلۇشىنى قۇردى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ، ئاپتونوم رايوندىكى ئامراتلار ۋە ئامرات ئائىلىلەرگە مەبلەغنى ئاشۇرۇش ، يۈكنى يەڭگىللىتىش ، پايدىنى قايتۇرۇش . ئەچىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق 30 خىل ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزدى ۋە يۈرگۈزدى . جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن ، قەشقەر ، قىزىلسۇ قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ، ئوبلاستتىكى ئامرات ئائىلىلەردىن يېزا ئىگىلىك بېجى ، توختام بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش ، جامائەت فوندى ، جامائەت پاراۋانلىقى فوندى ، قەرز پۇل ، سۇ ، توك پۇلى ، داۋالىنىش پۇلى ، بالىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتى ، ئوتلاق باشقۇرۇش پۇلى ، ھايۋانلار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئون تۈر خىراجەت ئۈچۈن ئېلىنىدىغان 17 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى كېمەيتىپ ئالدى ۋە كەچۈرۈم قىلدى ، چارۋىچىلىق را-

يونلىرىدىكى نامرات ئائىلىلەرگە «ئوبوروت قىلىنىدىغان چارۋىلار»-
نى بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقتىن، 2 مىڭ 400 دىن ئارتۇق نام-
رات ئائىلىلەر «ئوبوروت چارۋىلار»غا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇل-
ماقتا: ھەر يىلى تەرەققىيات مەبلىغىدىن 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق
مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، نامرات رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام
كادىرلىرىنى ۋە نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن
تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ھازىر 600 نەپەر ناھىيە، يېزا دەرى-
جىلىك كادىرنى تەربىيىلەپلا قالماستىن، بەلكى ھەر قايسى ناھىيە،
يېزىلارنىڭمۇ ھەر خىل شەكىلدىكى تېخنىكا كېڭەيتىش بويىچە تەربىيە-
لەش كۇرسلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئىلگە-
رى- كېيىن بولۇپ، ئۈچ قېتىم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 56 ئورگان
ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 56 ئورۇننى 21 نامرات ناھىيە
(شەھەر) ۋە يوپۇرغا ناھىيىسىدە ئۇقتىلىق تۇرۇپ ئالاقە باغلاشقا،
سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشكە، نامراتلارنى يۆلەشنى ھۆددىگە
ئېلىشقا تەشكىللىگەچكە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت،
ئوبلاست ۋە 25 ناھىيە (شەھەر) لەرمۇ تەۋەسىدىكى نامرات يېزا-
كەنتلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىشنى ئەمەلگە ئا-
شۇردى. بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى 82 پىرسەنتتىن
ئارتۇق نامرات ئائىلىلەرنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش
مەسىلىسى ھەل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى،
بەزىلەر دەسلەپكى قەدەمدە بېيىغانلار قاتارىغا كىردى.

**81. شىنجاڭدا، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى خەلقلەرگە ياكى تۇرمۇشتا ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالمايدىغانلارغا قانداق كاپالەتلەندۈرۈش چارە - تەدبىرلىرى قوللىنىلدى؟**

**جاۋاب:** دۆلەت ۋە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈ-
مەتلەر ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلار ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرگە

قۇتقۇزۇش مەبلىغى ۋە ماددىي نەرسىلەرنى تارقاتقاندىن سىرت،
يەنە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلار ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرنى
ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا قۇتقۇزۇشقا، ئىشلەپچىقىرىشنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ۋاقتىدا تەشكىل-
لىدى. 1985 - يىلى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە 7.4 بال يەر تەۋرەش ئا-
پىتى يۈز بەرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، گوۋۇيۈەن دەرھال خىزمەت گۇرۇپ-
پىسىنى ئاپەت رايونىغا ئەۋەتىپ، شۇ جايلاردىكى كادىرلار بىلەن
بىللە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدى ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا ئاپەتتىن
قۇتقۇزۇش ماددىي بۇيۇملىرى، مەبلەغ ئاجراتتى ۋە تارقاتتى، ئا-
پەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى،
ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى قۇت-
قۇزۇشتىن ئىبارەت ھەر خىل چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئىشلەپ-
چىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە
ئۆي - ماكانلىرىنى قايتا تۈزەش خىزمىتى پىلانلىق، قەدەم - باس-
قۇچلۇق ھالدا قانات يايدۇردى ھەمدە كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىپ ئۇ-
لۇغچات ناھىيىسىنى قايتىدىن قۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم
رايون بويىچە يېزا - كەنتلەردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئاپەتتىن
قۇتقۇزۇش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، ئۆزئارا ھەمكارلى-
شىش زاپاس ئاشلىق فوندىنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇ-
زۇش ھەمكارلىق ستراخوۋانىيىسىنى يولغا قويدى. ئۇنىڭدىن باشقا
پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداش ئۆلكە ۋە رايونلارنىڭ ياردىمى بى-
لەن، شىنجاڭدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇ-
شى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك
قىلدى.

دۆلەت ۋە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئې-
گە - چاقىسىز قېرىلار ۋە يېتىم باللارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەر جەھەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كاپالەتلەندۈرۈپ، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ئىگە - چاقىسىز قېرى، كېسەل، مېيىپلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ياتاق، داۋالىنىش، دەپنە قىلىنىش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان ھەر خىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرى 377 گە يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە، پاراۋانلىق ئورنىدىن 18، قېرىلار ساناتورىيىسىدىن 345 ى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا 6700 دىن ئارتۇق كارىۋات بار؛ ئۇلارغا 5200 دىن ئارتۇق ئادەم قوبۇل قىلىنىپ بېقىلدى.

**85. شىنجاڭدىكى مىللىي تېبابەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى قانداق، ئۇنىڭ جۇڭگوچە ۋە غەربچە داۋالاش بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟**

جاۋاب: شىنجاڭنىڭ مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېبابەتچىلىك مىراسى بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تىبابەت ئىلىم خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ھازىر، ئاپتونوم رايوندا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇللارنىڭ مىللىي تېبابەتچىلىك ئاپپاراتلىرىدىن 38 ى بار بولۇپ، دوختۇرلار 1000 دىن ئاشىدۇ. يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت-ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنى ۋە قازاق تېبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنى، ئۇيغۇر تىببىي مەخسۇس مەكتەپلىرى ئېچىلدى. ھۆكۈمەت يەنە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچلەرنى ئەشكىللەپ، كەڭ كۆلەمدە توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا «قانۇنىيە»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىن ئاساسىي ساۋات»، «ئۇيغۇر تېبابەت قوللانمىسى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ رېتسېپلار قوللانمى-

سى » ، « ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورا ماتېرىيال-لىرى » ، « ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان رېتسېپلار » ، « ئۇيغۇر دورىگەرلىكى تەزكىرىسى » ( ١ - قىسىم ) ، « جۇڭگو دورىگەر-لىك قامۇسى . ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك قىسمى » ھەمدە ئۇيغۇر تىبابەت-چىلىك ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ بىر يۈرۈش ئوقۇتۇش ماتېرى-ياللىرىدىن يەتتە خىلى تۈزۈلۈپ نەشىر قىلىندى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يەرلىك رېتسېپ ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپ ، مەخپىي رېتسېپ ۋە مىللىي تىبابەتچىلىكدىكى قەدىمكى كىتابلار قاتارلىق ماتېرىياللار كۆپلەپ يىغىپ رەتلەندى .

شىنجاڭنىڭ مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمى تەرەققىياتىنىڭ جۇڭگو-چە - غەربچە داۋالاش بىلەن ئۆزئارا ئۆگىنىش ، ئۆزئارا قوبۇل قى-لىش ۋە ئۆزئارا تولۇقلاشتەك ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋىتى بار . مەسى-لەن ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تەرەققىيات جەريانىدا جۇڭگوچە دا-ۋالاش ئىلمىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى كەڭ كۆلەمدە ئۆزلەشتۈرۈپ ، كې-سەللەرگە دىئاگنوز قويۇشتا قوللىنىلىدىغان « تومۇر تۇتۇش » ، « قا-راپ دىئاگنوز قويۇش » ، « سوراپ دىئاگنوز قويۇش » ، « ئاڭلاپ دىئاگنوز قويۇش »لارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوچە داۋالاشتىكى قاراش ، ئاڭلاش ، سوراش ، تۇتۇشلار بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ .

مىللىي تىبابەتچىلىك ئورۇنلىرىنىڭ ھازىر بىرقىسىم لابوراتورىيە ، رېنتگېن ، ئېلېكتر كاردىئوگرامما ئاپپاراتى ، ئاۋازدىن تېز دولقۇن ئەسۋاب قاتارلىق زامانىۋى داۋالاش ئەسلىھەلىرى ۋە ئۇسۇللىرى سەپلەندى ۋە ئىشلىتىلدى .

**86 . شىنجاڭنىڭ داۋالاش - ساقلاش ئىشلىرى بىلەن كىشى-لەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش ئەھۋالى قانداق ؟**

**جاۋاب :** 1949 - يىلىدىن ئىلگىرى ، شىنجاڭنىڭ سەھىيە ئىشلى-

رى ئىنتايىن قالاق ئىدى. 1949 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا 51 لا سەھىـ
يە ئورگىنى بار بولۇپ، دوختۇرخانىلارنىڭ 696 كېسەل كارىۋىتى،
348 نەپەر سەھىيە تېخنىك خادىملىرى بار (ئۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 18
نەپەر) بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەرلەرگە توپلاشقانىدى. ئۇ
چاغلاردا دورىگەرلىك سانائىتى، سەھىيە، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. دوخـ
تۇرلار كەمچىل، دورىلار ئاز، يۇقۇملۇق كېسەللەر تارقىلىپ، ئاھالىـ
نىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 20.80 پىرسەنتكە يېتەتتى، ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىـ
چە مۆلچەرلەنگەن ئۆمرى 30 ياشقىمۇ يەتمەيتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئالدىنى ئېـ
لىشنى ئاساس قىلىش، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈزلىنىش،
پۈتۈن جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىپ قاتناشتۇرۇش، جۇڭگوچە - غەرب-
چە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش، خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت
(ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) دىن ئىبارەت
تۆت دەرىجىلىك بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سەھىيە، داۋالاش -
ساقلىقنى ساقلاش سىستېمىسىنى قۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى داـ
ۋالاش سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە،
1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە ئورگانلىرى
3945 كە يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە: دوختۇرخانا 1049، ھەر خىل ئامـ
بۇلاتورىيە (پونكىت) 2536، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونـ
كىتى 191؛ ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئورگىنى 100 نەچـ
چە؛ كېسەل كارىۋىتى 67 مىڭ 400 نەچچە، ھەر خىل سەھىيە كەسپىي
تېخنىك خادىملىرى 79 مىڭ 900 كىشىگە يەتكەن. دوختۇرخانىلاردا
يېتىپ داۋالانغانلارنىڭ ياخشىلىنىش نىسبىتى ۋە ساقىيىش نىسبىتى 92
پىرسەنتتىن، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇش نىسبىتى 85 پىرسەنتتىن يۇقىـ

ری بولدی، جۇملىدىن شەھەرلەردە 100 پىرسەنتكە يەتكەن. يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بالىلار فوندى جەمئىيىتى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە دۆلەت سەھىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭ بالىلىرىنىڭ ئىممۇنىتېت خىزمىتىگە قارىتا بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدا كارتوچكا تۇرغۇزۇش نىسبىتى 99 پىرسەنتتىن يۇقىرى، پىلانلىق ئىممۇنىتېت — «تۆت خىل ۋاكسىنا»نىڭ ئەملىنىش نىسبىتى 95 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان. سانائەت تازىلىقى، مەكتەپ تازىلىقى، يېمەكلىكلەر تازىلىقى، مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرمۇ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، ئاساسلىق تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تارقىلىش رايونلىرى ۋە تارقىلىدىغان ئامىللار تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش نەتىجىسى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە ئۆسۈرۈلدى.

داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش، سەھىيە شارائىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىببىي تەتقىقاتمۇ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. مەسىلەن، قان تومۇر تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاجىسىمان يۈرەك كېسىلى، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسىلى، قاپلىق قۇرت كېسىلى، ئۆپكە راكى، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆسۈش جەھەتتە بەزىلىرىدە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈپ، تېرە توقۇلمىلىرىنى كېڭەيتىش ئەسۋابلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن ئىجاد قىلىندى؛ شىنجاڭ تىببىي شۆبىسى تاپقان ئۈچ خىل يېڭى تۈرلىمىنىڭ قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ نورمالسىزلىق ئەھۋالى، خەلقئارا قىزىل قان ئاقسىلى ئاخبارات مەركىزى تەرىپىدىن يېڭى تۈر، دەپ بېكىتىلىپ، خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىن-

www.uyghurkitap.com

جاڭدىكى ھەر مىللەت ئاھالىسىنىڭ تەن ساپاسى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇ-
را سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتىپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئۆل-
كە، ئاپتونوم رايون، مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر بويىچە
ئۈچىنچى ئورۇندا تۇردۇ. 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە 4 - قېتىم-
لىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا،
ئاپتونوم رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 6.39 پىرسەنتتىن
تۆۋەن بولۇپ، 1949 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، مىڭدە 14.43%
تۆۋەنلىگەن؛ مىيلارنىڭ ئومۇمي نوپۇسنى ئىگىلەش نىسبىتى مەمل-
كەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 1.01% ئېكەن؛ ئاھالىلەرنىڭ مۆل-
چەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش يېشى 64.36 ياش ئېشىپ،
1949 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 34.36 ياش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆ-
رۈپ، 1.14 نەچچە ھەسسە ئۆسكەن.

# ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

87. جۇڭگو ھۆكۈمىتى نېمىشقا شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى قۇردى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى نېمە؟

جاۋاب: شىنجاڭ 1949 - يىلى 9 - ئايدا تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدىكى شىنجاڭ خارابىگە ئايلانغان، ھەممە ئىشنى قايتىدىن ئوڭشاشقا توغرا كەلگەن، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنىڭ جاراھەتلىرىنى ساقايتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق بىر قاتار ئېغىر ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلگەن ھالەتتە ئىدى. شۇڭا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنىڭ ئىچكى، گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش. يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمەسلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭدا يىگى نىسكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش قوشۇنىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ قارارغا بىنائەن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بىر قىسىم ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى كوللېكتىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، 1954 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بولۇپ (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بىڭتۇەن» دەپ ئاتىلىدۇ) رەسمىي قۇرۇلدى. بىڭتۇەن قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشتىن - ئاخىر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداشنى ئاساسىي ۋەزىپە، جان - دىل بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، «ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنى، خىزمەت قوشۇنى، جەڭگىۋار قوشۇن»

www.uyghurkitap.com

دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇردى. ھازىر، بىڭتۇەن تەۋەسىدە ئون يېزا ئىگىلىك شىسى، بىر قۇرۇلۇش شىسى ۋە ئۈچ دېھقانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇش ئىدارىسى بار.

**88. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئاساسلىقى قايسى رايونلارغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟**

**جاۋاب:** بىڭتۇەنگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى قۇملۇق، چەت - ياقا، قاقاسلىقلاردا قۇرۇلغان ۋە راۋاجلانغان. ھازىر، بىڭتۇەن تەرەققىي قىلىپ 2 مىليون 150 مىڭ نوپۇسى، 970 مىڭ ئىشچى-خىزمەتچىسى، 2 مىڭ 500 دىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك، سانائەت، قۇرۇلۇش، قاتناش، سودا كارخانىسىغا ئىگە، جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا بىرلەشمە گەۋدىسىگە ئىگە بولدى. بۇ ئورۇنلار تىيانشاننىڭ شىمال، جەنۇبىدىكى 75 ناھىيە، شەھەرگە تارقالغان. بىڭتۇەن قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەت يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر خىل سىياسەت، قانۇن - پەرمانلىرىنى بىۋاستە ئىجرا قىلىشى ۋە مىللىي رايونلارنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى.

**89. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشتە قانداق مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ؟**

**جاۋاب:** بىڭتۇەن قۇرۇلغاندىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى ئادەم ئايىغى باسمىغان چەكسىز چۆللۈكلەردە جانلىق ئىگىلىك يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش

ئۆچۈن نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە،
30 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىڭتۇەن جەمئىي 20 مىليون 810 مىڭ مو
يوز يەر گېچىپ ئۆزلەشتۇردى. 96 چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبار-
لىرىنى ياسىدى ۋە رېمونت قىلدى. ئون دەريا، ئۆستەڭنى تىزگىنلى-
دى، 1 مىليون 351 مىڭ مو يەرگە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلدى.
110 يەردە بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن بوستانلىق سۇغىرىش رايو-
نى، 171 ماشىنىلاشقان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق تۇەن - مەيدانىنى قۇردى. يەنە بىر قىسىم خېلى زور كۆلەمدىكى
بوستانلىق يېڭى شەھەرلەرنى — شىخەنزە، كۇيتۇن، ۋۇجياچۇي،
بېيتۇن، ئالار قاتارلىقلارنى قۇردى. قۇرۇلغان 1377 سانائەت كار-
خانىلىرىنىڭ ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرى 1000 خىلغا يەتتى،
ئۇنىڭ ئىچىدە 50 خىلغا يېقىن مەھسۇلات نۇقتىلىق، پىلانلىق ئىشلىنى-
دىغان مەھسۇلاتلار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق
مەھسۇلاتلىرى بولۇپ قالدى. ھازىر، پۈتۈن بىڭتۇەننىڭ سانائەت،
يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تۆتتىن
بىر قىسمىغا يېقىنلاشتى. ئېكسپورت قىلىنىغان مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدا-
رى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلى-
دى، بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىكى، ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى، ئەمگەك-
ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تا-
ۋارلىشىش نىسبىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئې-
شىپ كەتتى.

بىڭتۇەننىڭ تەرەققىياتى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەق-
قىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. مەسىلەن، بىڭتۇەن 50 -
يىللاردا، شىنجاڭدا تۇنجى تۈركۈم زامانىۋىلاشقان كارخانىلارنى
قۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 42 تايانچ كارخانىنى
يەرلىك ھۆكۈمەتكە ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ زامانىۋى

www.uyghurkitap.com

سانائىتىگە ئاساس يارىتىپ بەردى ، شىنجاڭدا زامانىۋى سانائەت يوق بولۇشتەك تارىخقا خاتىمە بەردى . كېيىن بىكتۇەن يەنە 82 تايانچ كارخانىنى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بەردى . بۇ بىر تۈركۈم كارخانىلارنىڭ مۇقىم مەبلىغى 617 مىليون 590 مىڭ يۈەن بولدى . بىكتۇەن يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ، ئۈرۈمچى - كورلا تاشيولى قاتارلىق شىنجاڭدىكى يەتتە مۇقىم قاتناش لىنىيىسىنى ياساشقا قاتناشتى . ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، يەنە يەرلىكنىڭ 26 مىليون 130 مىڭ مو يېرىنى پىلانلىشىغا ، 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق ئېرىق - ئۆستەڭنى رېمونت قىلىشى ، ياسىشىغا ياردەملەشتى ۋە قىسىمسانى بويىچە 280 مىڭ ماشىنا - ئاپتوموبىل ئاجراتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە يەرلىكنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى . بۇ پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىكتۇەنى شىنجاڭنى ئېچىش ، گۈللەندۇرۇش ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بىر ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى .

**90 . شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىكتۇەنىنىڭ يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق ؟**

**جاۋاب :** بىكتۇەنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى يەرلىك ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىكتۇەندە يەنە 240 مىڭدىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بار بولغاچقا ، بىكتۇەن بىلەن يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا باشتىن - ئاياغ زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ كەلدى . شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچى-

لەرىگە : « سىلەرنىڭ شىنجاڭغا بېرىشىڭلاردىكى ئاساسىي ۋەزىپەڭلار
ھەر مىللەت خەلقىگە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش » دەپ يولىيو-
رۇق بەرگەنىدى . كۆپ يىللاردىن بۇيان ،بىڭتۇەن باشتىن- ئاخىر بۇ
يولىيورۇققا ئەمەل قىلىپ ، شۇ ئورۇندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىگە
ھۆرمەت قىلىپ كەلدى ، ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق خادىملارغا مىللىي
سىياسەت ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئې-
لىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى ھەمدە شۇ ئورۇندىكى ھەر مىللەت
خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى . تولۇقسىز
مەلۇماتقا قارىغاندا ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، ئاز سانلىق مىللەت-
لەرگە 22 مىڭ تېخنىك خادىم تەربىيىلەپ بەرگەن ، يەرلىك ئاز سانلىق
مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كېسەللىنى قېتىم - سانى بويىچە 6 مىليونىنى
داۋالىغان ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ،
چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چۆكۈپ ، قېتىم - سانى بويىچە 22
مىڭ كېسەلنى سەييارە داۋالىغان . بولۇپمۇ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن
بۇيان ، يەرلىك خەلق ئاممىسىغا 100 نەچچە تۈر كۆۋرۈك ، قۇدۇق ،
ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشىپ بەردى ، ھەر يىلى
زور كۆلەمدە مەبلەغ ئاجرىتىپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ،
مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ھەقسىز ياردەم بەردى ۋە زور
تۈركۈمدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان-
چىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئەۋەتىپ تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن
شۇغۇللاندى ۋەھاكازالار . كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم بېرىش ئۆزئارا
بولىدۇ ، ئەلۋەتتە . بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىمۇ باشتىن -
ئاخىر يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۆ-
ڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردەم بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلدى . مەس-
لەن ، بىڭتۇەن يەر ئاچقان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئاز سانلىق مىل-

لەت ئاممىسى ئۇلارغا ئاكتىپلىق بىلەن يول باشلىغۇچى بولۇپ،
ئۇلارغا چۆللۈكلەردە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش تەجرىبىلىرى-
نى تونۇشتۇردى. ئۇلارنى ئوزۇق ۋە سۇلار بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار-
نىڭ ئاشلىقى يېتىشمەي تامقى ئۈزۈلۈپ قالغاندا، ئاز سانلىق مىل-
لەت دېھقان - چارۋىچىلىرى يەنە ئۇلارغا ئۆز ۋاقتىدا ئاشلىق ئاپىرىپ
بەردى ۋە ھاكازالار. بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىللىنىشى ھەمدە
ئۇلارنىڭ يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇقى،
ئۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەت-
نىڭ ئۈزۈلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا پۇختا ئاساس سالدى.

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1993 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى . 1993 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据新疆人民出版社1993年1月第1版1993年1月第1次印刷版本翻译出版

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەركىن شېرىپ

مەسئۇل كوررېكتورى : ئادالەت مۇتەللىپ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەن كاڭ

**شىنجاڭ ھەققىدە 90 سوئال**

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىيەت ـ تەشۋىقات مەھكىمىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى

تۈزدى

تەرجىمە قىلغۇچىلار : مەخمۇت ئىنايەت ، زەينەپ ھىمىت ، قادىر سالى

تەرجىمە تەھرىرى : مۇھەممەت نىياز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

( ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى 54 №)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ نېفىت شۆيۈەن باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى : 1092 × 787 مىللىمېتر 32 / 1

باسما تاۋىقى : 5.75 قىستۇرما ۋاراق : 2

1993 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

1994 ـ يىل 1 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى

تىراژى : 400 7 — 101 6

ISBN 7 — 228 — 02541 — 5 / Z·82

باھاسى : 2.50 يۈەن

www.uyghurkitap.com

责任编辑：艾尔肯·希力甫
责任校对：阿达来提·穆塔利甫
封面设计：安　康

新疆90题（维吾尔文）

国家民委文化宣传司
新疆维吾尔自治区民委
编写
马合木提，再娜甫，卡得尔　译

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码830001）
新疆新华书店发行
新疆石油学院印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　5.75印张2插页
1993年6月第1版　1994年1月第2次印刷
印数：6 101—7 400

---

ISBN—228—02541—5/Z·82　定价：2.50元

ISBN7－228－02541－5
Z.82(民文)定价:2.50元